# قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى

古籍研究通讯



1

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلدى

1984

# قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى

# 古籍研究通讯

1

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلدى

1984

# [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# قەدىمقى كىتاپلار تەتقىقات خەۋىرى

## 1 - سان

## 1984

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى

1984 - يىل، 9 - ئاي

# مۇندەرىجە


تارىخى ئەمنىيە ...... موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى 1

...... نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەت زۇنۇن سىدىق

غازى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا ...... ئابدىرېھىم ئىسمايىل 32

غەزەللەر ...... غازى 34

...... نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدىرېھىم ئىسمايىل

تەزكىرە خوجا مۇھەممەت شىرىپ بۇزرۇكۋار ...... مەھەممەت سىدىق زەلىلى 39

...... نەشرگە تەييارلىغۇچى : سۇزۇك، ئۆمەر ئىسمايىل

مەھبۇبۇل قۇلۇپ ...... ئەلشىر ناۋايى 74

...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېھىم توختى

نەسىھەتى ئامە ...... ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى 79

...... نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئۆمەر ئوسمان

ئاپپاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ( ماقالە ) ...... ئابدۇقادىر داۋۇت 84

ئاپتورلار دىققىتىگە ...... 97

# تارىخى ئەمنىيە

موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى

**مۇھەررىردىن:** « تارىخى ئەمنىيە » ـ موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامىنىڭ ئىجادى ئەمگەكلىرى ئارىسىدا تارىخ ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئىلمى قىممىتىنىڭ بىر قەدەر يۇقۇرلىقى بىلەن جاما ئەتچىلىكتە تونۇلغان داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ .

ئۇ ھىجىرىيە 1321 ـ يىلى ( مىلادى 1903 ـ يىلى ) يېزىلغان. ھىجىرىيە 1322 ـ يىلى ( مىلادى 1904 ـ يىلى ) روس شەرقشۇناسلىرىدىن نىكولاي پانتوسوۋنىڭ نەشرگە تەييارلىشى ئارقىسىدا ، قازاندا « مەدرىسە ئۇلۇم » مەتبەسىدە بېسىلىپ چىققان .

كىتاپ 320 بەت ، 2 داستان ، بىر كىرىش سۆز ، بىر خاتىمىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئاپتۇر ئۇنىڭدا " موغۇلىستان يۇرتى " دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ ( يەتتە شەھەرنىڭ ) قەدىمدىن تارتىپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمى ئەھۋالى ، يەنى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، ئۇلارنىڭ خانلىق نەسەپلىرى ، چىڭگىزخان دەۋرى ۋە بۇ دەۋردە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور تارىخى ۋەقەلەر ھەم ئىجتىمائى ئۆزگۈرۈشلەر ، خوجىلار ، قالماقلار ۋە مانجۇلارنىڭ يەتتە شەھەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىشى ، خەلق ئاممىسىنىڭ مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئازاتلىق قوزغىلىڭى ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ۋە غولاپ چۈشۈشى ، شىنجاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم چوڭ كۆلەمدە بىرلىككە كەلتۈرۈلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تارىخى چىنلىققا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئەتراپلىق ، مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن .

كىتاپ گەرچە مەزمۇن ئېتىۋارى بىلەن شىنجاڭنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى مۇپەسسەل تارىخى بولسىمۇ ، بىراق ئۇ بەزى جەھەتلەردە دىنى ئەقىدىچىلىكتىن خالى بولالمىغان. ھەتتا ئۇنىڭدا خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ھۆكۈمرانلارنى ئىنساپقا چاقىرىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك پاسسىپ ئامىللارمۇ ئەكس ئەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتۇرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە تەنقىدى نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ .

بىز تۆۋەندە يولداش مەھەممەت زۇنۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان « تارىخى ئەمە-
نىيە » كىتاۋىنىڭ ئەينى تېكىستىنى بەردۇق . كىتاپخانلار ۋە تەتقىقاتچى خادىملىرىمىز -
نىڭ كىتاپنى ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ تارىخى چىنلىقىغا ئويغۇن بول -
مىغان تەرەپلىرىدىن ئەجابى يوسۇندا پايدىلانغاندىن باشقا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن
پاسسىپ تەرەپلىرىنىڭ تەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمىز .

ئىككىنچى ئادەم — نوھ پەيغەمبەردىن مۇشۇ كۈنگىچە بۇ موغۇلىستان ۋە يەتتە شەھەردە
يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان گۇرۇھلار ، موغۇلىيە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ ،
مۇسۇلمان خانلارنىڭ نەسەبى ، يەتتە شەھەرنىڭ خاقان چىنغا تەۋە بولۇشىدىكى ۋاقەلەرنىڭ
ئومۇمى بايانى قوشۇلۇپ بىر مۇقەددىمە ، ئىككى داستان ، بىر خاتىمە بىلەن تامام قىلىندى.
نىكولاي پانتۇسوۋنىڭ ياردىمى بىلەن بېسىلىپ چىقتى.
قازان . 1323 - ھىجرى(1905 - مىلادى ) مەدرىسە ئۇلۇم باسماخانىسىدا بېسىلدى.

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم①

سان - ساناقسىز ماختاشلار ئۆز - ئۆزىدىن بار بولغان ئۇلۇغ تەڭرىگە خاس. ئۇ، كىشىلەر-
نىڭ بىلىشىگە مۇمكىن بولمايدىغان ھىكمىتى بىلەن ئالەمدىكى ھەممە شەيئىلەرنى يوقلۇقتىن بار-
لىققا كەلتۈردى. پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاسى بولغان تەڭرىگە چەكسىز ئالقىشلار ياغدۇرىمەن. ئۇ،
ئۆز قۇدرىتى بىلەن پادىشالىقنىڭ تاجىنى ئۆزى خالىغان كىشىنىڭ بېشىغا كەيدۈردى. خالىسا ئال-
دى، پۈتۈن ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ ئىدارە قىلىنىشىنى ئىقتىدارلىق پادىشالارنىڭ تەدبىرى ۋە سىيا -
سىتىگە باغلىدى.

## رۇبائى

زاتىڭ سۇپاتى ئۇنىڭ قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەت،
ھەيبىكى بىللا تائامدۇر ئاللاھۇس سەمەت.
پەردىكى ئاڭا يوق ۋالىد نەۋەلەد ،
ۋە تىرىكتۇر لەمىيەكۇن لەھو كۇپۇۋەن ئەھەت.②

تەڭرىنىڭ - ئەلچىسى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان پەيغەمبىرىمىزگە پاك ۋە غەرەز-
سىز سالام ۋە ياخشى تىلەكلىرىمىز چىچىلسۇن .خۇددى مەخپى غەزىنىدەك لاي ۋە سۇنىڭ ئارىسى-
دىن ئاشكارا بولۇپ، پەيغەمبەرلىك تەختىگە سازاۋەر بولدى.

① ئايغۇچى، كويۇنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن.
② تەڭرىنىڭ سۈپىتى ؛ بىر ، تىرىك ئەمما تاماق يېمەيدۇ ، ھېچ كىمگە مۇھتاج بولمايدۇ . تۇغۇلمىغان ۋە
تۇغمايدۇ ، يەككە - يېگانە ھايات بولۇپ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبىرىگە پۈتمەس - تۈگىمەس رەھمەتلەر بولسۇن. چۈنكى تەڭرىم قۇرئاندا "پۈتۈن ئالەمگە سېنى رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتىم" دېگەن ئىدى.

## نەزم

شاھى ئەرەبى قىبلەئى ھاجات،
ئايىنە زات ئۆلدى مىرئاتى سۇپات.
كىم پەي راۋا ئەتسە ئاڭا ئەللو دەرەجات،
لا زال ئەلەيھى زاكىيات سالاۋات. ①

پەيغەمبىرىمىزگە ھەممىدىن بۇرۇن دوست بولغان ھەزرىتى ئابابەكرىگە؛ ئادالەتنىڭ ئاپتابى ھەزرىتى ئۆمەرگە؛ سېخىيلىق، مۇلايىملىق، ھايا ۋە نومۇسنىڭ كانى «قۇرئان» نى توپلاپ كىتاپ قىلىپ چىققۇچى ھەزرىتى ئوسمانغا؛ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان، ھېمىشە غەلىبە قىلىدىغان ھەزرىتى ئېلىگە؛ بارلىق مومىن مۇسۇلمانلارغە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىلىرى ھەمزە ھەم ئاببباس رەزىيەللاھو ئەنھۇغا، ② ساھابىلەرگە، ③ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىغا ۋە ئەۋلادلىرىغا ھەمىشە، مەڭگۈ، كۆپتىن - كۆپ سالام ۋە رەھمەتلەر ئېيتىمەن.

جاھاندىكى ئەقىل - ئىدرەك ئىگىسى بولغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ساغلام نەزەرلىرىگە، دەۋرىمىزدىكى كامالەتكە يەتكەن ئالىملارنىڭ قوياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئادالەتلىك پاراسەتلىرىگە، گۇنا ۋە خاتالىقلىرى نۇرغۇن، ئاجىزلارنىڭ ئاجىزى، ئادەم ئەۋلادىنىڭ كەمتەرى، ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن تاشقىرى، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا نام ۋە نىشانسىز ياشاپ كېلىۋاتقان موللا مۇسابىننى موللا ئەيسا سايرامى شۇنى بايان قىلىمەنكى، ئالىم ۋە پازىللارنى دوست تۇتقۇچى، كەمبەغەل ئاجىزلارغا باش پانا بولغۇچى، ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، پۇقرالارنىڭ غېمىنى يىگۈچى مۇھەممەت ئىمىن باي ئاقساقال دادخا بىننى مۇھەممەت ئالىمباي مەرغۇلانى (دۆلەت ۋە ئىنئام - نېمەتلىرى مەڭگۈ ئۆچمىسۇن) مەندەك كەمىنە ئاجىزغا خىتاپ قىلىپ "سەن گەپ سۆز ۋە تىل جەھەتتىن نادان، پەم - پاراسەتتە چەكلىك، خاتا ۋە نۇقسانلىرىڭ كۆپ بولسىمۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشا ۋە سۇلتانلارنىڭ ياخشى

---

① ئەرەبلەرنىڭ پادىشاسى ۋە ھاجەتمەنلەر تەلمۈرۈپ قارايدىغان كىشى سەن. سۈپەتلىرىڭ ئىنسانىيەتتە ئەينەك بولدى. كىم سېنىڭ يولۇڭدا ماڭسا ئالى دەرىجىگە ئىگە بولىدۇ. ساڭا ئېيتقان سالام ۋە رەھمەتلەر ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ.

② تەڭرى ئۇلاردىن رازى بولسۇن دېگەن مەنىدە.

③ ساھابە - پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇز كۆزى بىلەن كۆرگەن، خىزمىتىدە بولغان كىشىلەر «ساھابە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەخلاق ، يامان سۈپەتلىرىدىن ئاز - تولا خەۋىرىڭ بار . شۇڭا بومۇغولىستان ① يۇرتى ۋە يەت -
تى شەھەر ② دە يۈز بەرگەن ئەھۋال-ۋاقەلەرنى ، بولۇپمۇ سەن بىلەن بىز ئەقلىمىزگە كېلىپ
ئادەم قاتارىغا قوشۇلغانىنىڭ بۇ تەرىپىدە ، كۇچالىق خوجالار بۇ يۇرتلەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزد -
ۋاتقان غەيرى دىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ غازات قىلغانلىقى ، ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ قانچە -
لىك ۋاقىت ھۆكومرانلىق قىلغانلىقى ۋە قاچان دۆلەت ئاپتابى ئۆچۈپ ، مەغلۇپ بولغانلىقى، بۇ-
موغۇلىستان يۇرتى (يەتتە شەھەر)گە مۇھەممەت ياقۇپ بەگ (ئاتالىق غازى)نىڭ قاچان ھۆكۈمران
بولغانلىقى ، ئۇ چاغدا قانداق ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ، قاچان بىر -
جىلىك چېرىكلىرى كېلىپ بۇ يەتتە شەھەر خەلقىنىڭ بېشىدىكى ئىسلام قوياشى ئۆچۈپ،ئۇنىڭ ئورنىغا
زۇلمەت بۇلۇتلىرىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى ۋە باشقا ھادىسە ۋاقەلەر ئۈستىدە بىرەر كىشىنىڭ
تارىخ يېزىپ يادىكار قالدۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس . شۇڭا بۇ كۇچالىق خوجالارنىڭ
غازاتى ۋە ئاتالىق غازى ( بەدۆلەت ) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىنىشى -
دىن تارتىپ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ھادىسە - ۋاقەلەرنى ئۆز ئېچىگە ئال -
دىغان تارىخ كىتاۋى يېزىپ چىقىمەن ، خوجالارنىڭ قىلغان جەڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتنى ئىدا-
رە قىلىش ئەھۋالى ، ياقۇپ بەگنىڭ قىلغان غازاتلىرى ۋە ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىش ئۇ -
سۇللىرى ھەم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەققىدىكى ۋاقەلەر ، خالايىقلارنىڭ ئېسىدىن كۆتە -
رىلىپ ئۇنتۇلۇپ كەتمىسە ، بىزنىڭ نام-نەسەپلىرىمىزمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتمەي مەڭگۈ يادىكار قالسا ،
ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلار ، غازىلەر ھەم شەھىتلەرنىڭ شۇنداقلا سەن ۋە بىزنىڭ ھەققىمىزگە دۇئا
قىلسا ، كۆپچۈلۈكنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ،رەھمى شەپقەتلىك تەڭرىم گۇنالىرىمىزنى مەغ -
پىرەت قىلىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس . " باشقىلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا دالالەت قىلغۇچى شۇ ئىشنى
قىلغۇچىغا ئوخشاش ئەجرىگە ئىگە بولىدۇ. " دىگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە " مەنمۇ بۇ خاس -
يەتلىك ئىشنىڭ شاراپىتىدىن بەھرىمەن بولسام" دىدى.

ئەمما مەن بولسام كۆندىلىك تۇرمۇش غېمىگە گىرىپتار بولغۇچى ، خار - زارلىقتا ئېتىۋار -
سىز ھايات كۆچۈرگۈچى ئاجىز بىر كىشى تۇرۇپ ، بۇنداق ئالى دەرىجىلىك ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ
قىلغان جەڭلىرى ، يۇرت سوراپ پۇخرالارنى ئىدارە قىلغان ئەھۋالى ، بولۇپمۇ ياقۇپ بەگ ئاتا -
لىق غازىدەك ئالەمگە داڭقى كەتكەن ، پادىشالىق شانۇ - شەۋكەت بىلەن پەخىرلەنگەن بىر كى -
شىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سۈرگەن ۋاقەلىرى ئۈستىدە كىتاپ يېزىشقا ئېتىز ئېچىپ،قەلەم يۈرگۈزمەككە
ھەددىم يوق . ھەم ئۇنداق جۈرئەت ۋە يۈرەك قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىمۇ يوق .

كۇچالىق خوجىلارنىڭ ئىسلام ئاچقان ۋاقتىدىن ھازىرغىچە 40 يىل ئۆتۈپتۇ. بولغان ۋاقە-
لەر ، يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . شۇ ۋاقەلەرگە قات-
ناشقان، ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلۈپ تۈگىدى . بۇنداق خەلق
ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن پارچە - پارچە ھىكايە ، قىسسەلەرنى توپلاپ ، بىر - بىرىگە سېلىشتۇ-
رۇپ، توغرىراقىنى تېپىپ چىقماق مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس

① ئاپتور مۇشۇ ئەسەردە شىنجاڭنى موغۇلىستان دەپ ئاتايدۇ .
② خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر ، ئۇچتۇرپان ، ئاقسۇ ، كۇچا ، تۇرپاندىن ئىبارەت يەتتە شەھەرنى كۆرسىتىدۇ .

دەپ، " سېخى كىشىلەر ئۆزرىنى قوبۇل قىلىدۇ ، " دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۆزرە ئېيتتىم". بىر نەچچە جان دوس بۇرادەرلىرىم ، پېشقەدەم يار - ئاشنىلىرىم يىغىلىپ ، " ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىلىپ ، مۇھەممەت ئىمىن دادخانىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ ، تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېشى ۋە جېنىنى پىدا قىلغان شەھىتلارنىڭ ۋاقە - ھادىسلىرىنى توپلاپ كىتاپ قىلساڭ، بۇ كىتاپنى ئوقۇغان كىشىلەر ، شەھىتلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ياد ئەيلەپ ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلسا " ياخشى ئىش قىلغۇچىغا تەڭرىم زور ئەجرى بېرىدۇ . كىشىلەرمۇ ياخشى سۈپەت بىلەن ئۇلارنى ماختايدۇ"، دىگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن سەنمۇ قۇرۇق قالمايسەن " دىدى .

يار - بۇرادەرلىرىمنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ھەققەت دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ سوز گەۋھەرلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ ئېتىۋارسىز قالدۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي، مۇشۇنداق زور كىتاپنى يېزىپ چىقىشنى ئۈستۈمگە ئېلىپ ، ئۆزەمنى باشقىلارنىڭ مالامەت ( تەنە ۋە زاڭلىق قىلىش ) ئوقىغا نىشانە قىلدىم .

« قىلىنغان ئىلتىماس سېخى كىشىلەرنىڭ ھوزورىدا قوبۇل بولىدۇ . » دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە مەيلى ئاڭلىق ، مەيلى ئاڭسىز ئۆتكۈزگەن كەمچىلىك، خاتالىقلىرىمنى ئوقۇغان ۋە ئىشىتكەنلەرنىڭ ئەپۇ ئېتىمكى بىلەن يېپىپ ، سېخى قەلەملىرى بىلەن تۈزۈتۈشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن .

چۈنكى ياخشى ئىشقا " تەڭرىم كاتتا ئەجرى ئاتا قىلىدۇ . خالايىقمۇ رەھمەت بايان قىلىدۇ" دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە مەن كېيىنكىگە ئاز . تولا بەھرى يېتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دىگەن ئارزۇ بىلەن ئەۋۋەلىنى ئىشەشلىك تارىخ كىتاپلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئاخىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن - بىلگەن ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ سوراپ ، مۇجمەل ، ئېنىقسىز ، پارچە - پۇرات ھىكايە، قىسسە، رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ ، راس ۋە ئېنىقلىرىنى تاللاپ قەغەز يۈزىگە يېزىپ چىقتىم .

بۇ كىتاپنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەپ بولغان بىرى ، "مۇھەممەت ئىمىن دادخا " دىگەن كىشى، يەنە بىرى ، بۇ كىتاپنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك ، ئاداۋەت ، پاراكەندىچىلىك تۈگەپ، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك قارار تاپقان ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاپنى « تارىخى ئەمنىيە » دەپ ئاتىدىم ۋە بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان ھەم بىر خاتىمە بىلەن تامامىغا يەتكۈزمەكنى خىيال ۋە ئارزۇ قىلدىم .

دىيانەتلىك ئاپتورلار ۋە يازغۇچىلار بۇ كىتاپنى كۆرگەندە، ياكى ئوقۇغاندا مەن كېيىنكى خارو - زار ، ئېتىۋارسىز ناچار كىشىنى ئىجابەتلىك دۇئا بىلەن ئەسلىرىگە ئېلىشلىرىنى ، ئۇنتۇپ قالماسلىقلىرىنى ئىلتىماس قىلىپ ، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېزىشنى باشلىدىم .

ئۇلۇغ تەڭرىم سېخىلىق سۈپىتىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن مېنىڭ مۇشۇ ئىشىمنى ئاسان قىلىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن . چۈنكى سەن ئەڭ سېخى ، ئەڭ رەھىم قىلغۇچى سەن . تەڭرى - ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى جەزمەن ئىجابەت قىلغۇچىدۇر .

## مۇقەددىمە

### „ئىككىنچى ئادەم„ دەپ ئاتالغان نوھ پەيغەمبەردىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ موغۇلىستان (يەتتە شەھەر) يۇرتىنىڭ ئەھۋالى، بولغان ۋاقەلىرى ۋە بۇ يۇرتقا كىملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، موغۇلىيە دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەپلىرى، بۇيەردە ئۆتكەن مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ نەسەبى ھەم خاقان چىنىنىڭ موغۇلىستان خەلقىنى بويسۇندۇرغانلىقىنىڭ ئومۇمى بايانى

ھۆرمەتلىك دوس ۋە ھەشەمەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ ئالى قۇلاقلىرىغا ئېنىق ھەم رۇشەن بولغايكىم بۇ يەتتە شەھەرنى قەدىمقى تارىخى كىتاپلاردە « موغۇلىستان » دەپ ئاتاپتۇ . بۇ شەھەرلەردە شۇ چاغلاردا يېزىلغان كونا ۋەسىقە ، ھۆججەتلەر موغۇلىستان ھىساۋىدا، دەپ پۈتۈلۈپتۇ . نىمە ئۈچۈن «موغۇلىستان » دەپ ئاتالدى؟ قايسى زاماندىن باشلاپ ئىسلام دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولدى؟ پادىشالىرى قايسى مىللەت ؟ قايسى مەزھەپتە ؟ خاقان چىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكىلى نەچچە يىل بولدى ؟ قاتارلىق مەسىلىلەر قەدىمقى تارىخ كىتاپلىرىدىن پايدىلىنىپ قىسقىچە بايان قىلىنمىسا بۇ كىتاپنى يېزىشتىكى مەقسەت رۇشەن ۋە ئېنىق بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم . چۈنكى ھەر قانداق سۆز قىلغۇچى ، سۆزىنىڭ بېشىنى ئوچۇق سۆزلىمەي، ئاخىرىغا قانچە كۆچىغان بىلەن ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلار " ئايىغى بار بېشى يوق " دەپ قاراپ ئېتىۋار قىلمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك جايلارنى « رەۋزەتىسسافا »،« تارىخ رەشىدى » ، «شەھرىخىيە » ① گە ئوخشاش تارىخ كىتاپلىرىدىن تاللاپ ئېلىپ كىرگۈزۈلدى .

ۋاقىئەنى ھەزرىتى نوھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسمى‌شەرىپلىرى بىلەن باشلايمەن.

ئادەمى سانى يەنى ئىككىنچى ئادەم دەپ ئاتالغان نوھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنىڭ ئازاۋىدا يەنى تۇپان بالاسى ئىچىدە قالغان چاغلىرىدا تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن كېمە ياساپ ، بۇ كېمىگە ھەر جىنىس ، ھەر تۈرلۈك مەخلۇقاتتىن بىر جۈپتىن سالدى . ئاقىۋەت كېمىنى جۇد تاغىنىڭ ئۈستىدە توختاتتى . ئادەم ئەۋلادىدىن سەكسەن كىشى سالامەت قالدى . سۇنىڭ جەبرى ـ جاپاسىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى . سالامەت قالغانلارنىڭ ئارىسىدا نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بار ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىدىكى ھەممە ئىنسان گۇرۇھى ۋە ئادەم ئەۋلادى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئۇرۇغىدىن تارقالدى.

نوھ ئەلەيھىسسالامنى " ئادەمى سانى " يەنى ئىككىنچى ئادەم دەپ ئاتاشتىكى سەۋەپ ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ، باشقا ھېچ كىشى قالمىغان ئىدى . نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى ـ سام ، هام ۋە ياپەس ئىدى . بەزى راۋايەتلەردە بۇلارنى " پەيغەمبەر " دەپمۇ ئېيتىدۇ .

پۈتۈن ئەرەبىستان خەلقى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر سام ئەۋلادىدىن ، پۈتۈن زەڭگىبار ، ھەبەش ، سۇدان زېمىنلىرىدىكى خەلقلەر هام ئەۋلادىدىن ، پۈتۈن شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئۇلۇغ پادىشالار ۋە تۈركلەر ياپەس ئەۋلادىدىن دېيىلىدۇ . چۈنكى ياپەستىن ئون بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى " تۈرك " ئىدى . پۈتۈن تۈرك مۇڭغۇل ـ قىپچاقلار تۈركنىڭ نەسلىدىن پەيدا بولغان . ئەمما تۈركنى شۇ زاماندا " ياپەس ئوغلان " دەپ ئاتايتى . بەزى تارىخ كىتاپلىرىدا ياپەس ئوغلانى كىيومورس بىلەن بىر ئەسىردە ئۆتكەن دەيدۇ .

① مەشھۇر تارىخى كىتاپلىرىنىڭ نامى

ياپەسنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ماچىن بولۇپ ، پۈتۈن چىن ماچىن خەلقى شۇنىڭ نەسلىگە مەنسۇپ .

ئۈچىنچى ئوغلى روس بولۇپ پۈتۈن روس ، ناسارا ـ ئىسلاۋىيانلار روسنىڭ ئۇرۇقىدىن تارالغان . قالغان ئوغۇللىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلساق ، گەپ ئۇزۇرۇپ كېتىدۇ . گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى : سام ئەلەيھىسسالامنى غەرپ تەرەپكە ، هامنى جەنۇپ تەرەپكە ، ھەزرىتى ياپەسنى شەرق تەرەپكە بۇيرىدى .

ياپەسنىڭ ئەۋلادى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. ئەمما سۇ بار يەردە ئوت يوق ، ئوت بار يەردە سۇ يوق ، تەڭلىكتە قالدى . بۇ ئەھۋالنى ئاتىلىرى نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئەرز قىلدى . نوھ ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى .

ئىلتىجاسى ئىجابەت بولۇپ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ① دىن ئىسمى ئەزەم ( ئۇلۇغ ئىسىملار ) نى ئۆگەتتى . بۇ ئىسمى ئەزەمنى تاشقا ئويۇپ ياپەسكە بەردى . قاچان خالىسا شۇ چاغدا يامغۇر ياغاتتى . بۇ تاشنى ئەرەپ تىلىدا " ھەجرۇلمەتەر " دەيدۇ. تۈرك تىلىدا " يادا تېشى " نامى بىلەن مەشھۇر . بۇ تاش ياپەسكە تەۋە زېمىندا كارغا كېلىدۇ . سامغا تەۋە بولغان ئەرەبىستان زېمىندا كارغا كەلمەيدۇ .

يۇرتنى ئاباد ، پاراۋان قىلماق ئۈچۈن تەڭرىم ئۆزىگە خاس قۇدرىتى بىلەن نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆلۈم ئاپىتىنى كۆتۈرۈۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ ، تۈركۈم ـ تۈركۈم ، گورۇھ ـ گورۇھ بولدى . ھەر گورۇھ بىر خىل تىلدا سۆزلىشىپ، يەنە بىر گورۇھ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولسا تىلماچ ( تەرجىمان ) ئارقىلىق سۆزلىشەتتى. ياپەس ھايات چېغىدىلا ئۇنىڭ ئەۋلادى ئوتتۇز يەتتە تىلدا سۆزلىشەتتى . ئۆز ئارا تىلماچ ئىشلىتەتتى دېيىلىدۇ .

نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياپەس ، ئۇنىڭ ئوغلى تۈرك ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىلجەخان ، ئۇنىڭ ئوغلى زىب باتۇي خان ، ئۇنىڭ ئۆغلى كۆيۈكخان ، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىنجەخان ئىدى .

ئېلىنجەخان ناھايىتى ئۇلۇغ دۆلەت ئىگىسى ، باي ـ پاراۋان كىشى ئىدى. دۆلەت ۋە بايلىقىنىڭ كۆپلىكىدىن كۆرەڭلەپ، ئاتا ۋە ئەجداتلىرىنىڭ دىنىنى تاشلاپ، قاراڭغۇ يولغا مېڭىپ، تەڭرىگە شېرىك كەلتۈردى. تەڭرىگە شېرىك كەلتۈرۈش يولىغا ماڭغان خان ، پادىشالارنىڭ تۇنجىسى ئېلىنجە خاندۇر.

ئېلىنجە خاندىن قوشكېزەك بىر جۈپ ئوغۇل ۋۇجۇتقا كەلدى . بىرسىنىڭ ئېتىنى "موغۇل" بىرسىنىڭ ئېتىنى "تاتار" قويدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتنى ئىككى ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ، چېگرالىرىنى توختام قىلىپ ئايرىپ بەردى. موغۇل خانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلەر "موغۇلىستان" ، تاتار خانغا بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىنلەر "تاتارىستان" دەپ ئاتالدى. ھەر قايسى ئۆز يۇرتلىرىغا باشلىق ـ خان بولدى.

ئېلىنجە خاننىڭ ئوغلى موغۇلخان، ئۇنىڭ ئوغلى قاراخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان، ئۇنىڭ ئوغلى كۈن خان، ئۇنىڭ ئوغلى ئاي خان، ئۇنىڭ ئوغلى يۇلتۇزخان، ئۇنىڭ ئوغلى دېڭىزخان، ئۇ-

① تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزىدىغان پەرىشتە.

نىڭ ئوغلى مەڭلى خان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلخان ئىدى. پادىشاھى پېرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرخان بىلەن ئېلخان ئۆز ئارا ئەلچىلەر ۋە خەت-ئالاقىلەر ئەۋەتىشىپ مۇناسىۋەت قىلىشقان ئىكەن. بۇنىڭدىن ئېلخان بىلەن تۇرخاننىڭ زامانداش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

موغۇلخان ئەۋلادىدىن سەككىزخان ناھايىتى زور پادىشا بولۇپ ئۆتتى. ئەمما 9- غا نۆۋەت كەلگەندە موغۇل خان بىلەن تاتارخاننىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت چۈشۈپ، ئاخىرى ئاداۋەت جېدەل ۋە دۈشمەنلىككە ئايلاندى. ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ - ماجرالار يۈز بەردى. نەتىجىدە تاتارلار ئۈستۈنلۈك قازىنىپ غالىپ كەلدى. موغۇللارنى ئۆلتۈرۈپ يەر - يۈزىدە ئۇرۇق ئەۋلادىنى قويمىدى.

بىر راۋايەتتە ئېلخان ئۆزى، يەنە بىر راۋايەتتە بىرەر سەۋەپ بىلەن ئوغلى قىنان خان، ئىككى ئەر، ئىككى ئايال تۇتۇلۇپ قېلىپ، بىر ئات، بىر موزايلىق ئىنەك، ئۈچ قوي، بىر ئەچكىنى ئېلىپ كۆزدىن يىراق بىر تاغنىڭ جىلغىسىغا قېچىپ بېرىپ، ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. تاغ جىلغىسىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ، نەچچە ئەۋلات، بەلكى نەچچە قەنە، نەچچە مىڭ يىل ئۆتكىچە جىلغا ئىچىدە ياشىدى. بارا - بارا ئەۋلاتلىرى ۋە چارۋىلىرى كۆپىيىپ جىلغا ئىچىگە پاتماي قالدى. ئاسمان ئاستىدىكى زېمىننىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپ خىيال قىلىشقان ئىدى. بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «ئەركىنە قۇن» دەپ ئاتايتتى. ئىلاجىسىزلىقتىن تاغ جىلغىسىنىڭ ئېتىۋەتكەن ئاغزىنى ئېچىپ چىقتى.

دىمەك، موغۇلخان ئەۋلادىدىن سەككىزخان پادىشا بولۇپ ئۆمرىنى شۇ يوسۇندا ئۆتكۈزدى. توققۇزىنچىسىغا كەلگەندە ھالاك بولۇپ تۈگەشتى. شۇڭلاشقا ئاشۇ خانلارنىڭ ياخشى ئۆتكەن زامانلىرىنى تەبرىكلەيدىغان خوشاللىق كۈنلىرىدە پادىشا ۋە ئۇلۇغلار ئارىسىدا تارتۇق - سوۋغا قىلىش لازىم كەلسە، ھەر قانداق نەرسىنى توققۇز - توققۇزدىن قىلىپ سوۋغا قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە سەككىزنى بىر توققۇز دەپ ئاتايتتى. شانۇ - شەۋكەتلىك پادىشانىڭ ھوزۇرىدىلا ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى ئامما، ئەر - ئايال، پۇقرالار ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش قىلىشسا ئاز دېگەندە سەككىز ناننى ئېلىپ كېلىپ بىر توققۇز نان دەپ ئاتايتتى ھەم سەككىز ناننى توققۇز نانغا تەڭ دەپ ھېساپلايتتى. تا ھازىرغىچە بۇ رەسمى قائىدە جارى بولۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

شۇ زاماندا ئېلخاننىڭ ئەۋلادىدىن "ئەلئەنقىۋا" ئاتلىق ئەرگە تەگمىگەن بىر ئايال خان ئىدى.

بىر كېچىسى بۇ ئايال ياتقان ئاق ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن قۇياش نۇرىغا ئوخشاش بىر يورۇقلۇق چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئەلئەنقىۋاغا خۇشلۇق لەززىتى ھاسىل بولدى ھەم تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھامىلدار (ئېغىر بوي) بولۇپ قالدى. ھەزرىتى بۈۋى مەريەمۇ① خۇددى شۇنداق بولۇپ ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەر ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇنداق ئىشلار تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ناھايىتى ئاسان. چۈنكى "تەڭرى نەرسىنى خالىسا ۋە نەرسىنى بۇيرىسا بولماي قالمايدۇ" دېگەن ئايەت② تەڭرىنىڭ ئۆزىگە خاس سۈپىتىدىن ئىبارەت.

لېكىن خان ئوردىسى ئىچىدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا گەپ - سۆز، پىتنە - پاسات پەيدا

---

① بۈۋى مەريەم- ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى بولۇپ، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرنى ئاتىسىز تۇغقان دېيىلىدۇ.

② ئايەت - قۇرئاننىڭ سۆزى ئايەت دېيىلىدۇ.

بولغان بولسىمۇ، ۋاقەنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكتىن خانغا بولغان ئىشەنچ يېڭىۋاشتىن كۈچايدى.

ئەلئەنقۇۋا ئوغۇل تۇغۇپ «بوزەنجىرخان» دەپ ئات قويدى. بوزەنجىرخان چوڭ پادىشا بولۇپ ئېمىر ئابامۇسلىم① بىلەن دوس ئىدى، بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بوزەنجىرخان ئابا مۇسلىم بىلەن زاماندا ئىكەن.

بۇزەنجىرخاننىڭ ئوغلى بۇقاخان، ئۇنىڭ ئوغلى دومىن خان، ئۇنىڭ ئوغلى قىدۇخان، ئۇنىڭ ئوغلى باي سەنقەرخان، ئۇنىڭ ئوغلى دومنەخان، ئۇنىڭ ئوغلى قۇبلىخان. دومنەخاندىن قوشكىزەك بىر جۈپ ئوغۇل ۋۇجۇتقا كەلدى. كىچىك ئوغلى قاجۇلىخان چۈش كۆردى. كۆرگەن چۈشىنى دادىسىغا بايان قىلىپ ئېيتتىكى: «بۈگۈن كېچە ئاكام قۇبلىخاننىڭ ئېتىكىدىن بىر قوياش چىقىپ، ئاسمانغا كۆتىرىلىپ، ھەممە ئالەمنى يورۇتتى. كېيىن ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە قوياش پەيدا بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىرى يۇلتۇزلۇق كېچىدەك يورۇق بولۇپ تۇرغان چاغدا، مېنىڭ ئېتىكىمدىن بىر قوياش چىقىپ، ھەممە جاھاننى يورۇتتى. ئاخىرى ئولتۇرۇپ كەتتى. يەنە بىر نەچچە قوياش پەيدا بولۇپ ھەر قايسى تەرەپنى يورۇتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۆتتى. كېيىن ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن» دىدى.

دادىسىمۇ مۇشۇنداق ۋاقەلەرگە دۈچ كەلگەن ئىدى. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، پۈتۈن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئوغلىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى تەپسىلى بايان قىلدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى مۇلاھىزە قىلىشقاندىن كېيىن، «قۇبلى خاننىڭ ئەۋلادىدىن بىر شەۋكەتلىك پادىشا ۋۇجۇتقا كېلىدىكەن. پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ خاتىرجەم ياشايدىكەن. كېيىن چىققان قوياشلار پەرزەنتلىرى بولۇپ، كەينى ـ كەينىدىن دۇنياغا كېلىپ، ھەر بىرسى ھەر تەرەپكە پادىشا بولۇپ دەۋران سۈرۈپ، ئۆتىدىكەن، چۈش كۆرگەن قاجۇلى خاننىڭ نەسلىدىن ناھايىتى شەۋكەتلىك ئۇلۇغ بىر پادىشا ۋۇجۇتقا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ياخشى خىسلىتىدىن يەر يۈزى ئاۋات ۋە باياشات بولىدىكەن» دەپ تەبىر② بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممە كىشى خۇشال ـ خورام بولدى. دومنەخان ـ ئوغلۇم قۇبلىخان مەندىن كېيىن ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە پادىشا بولسۇن، قاجۇلى خاننىڭ ئەۋلادى ۋەزىرلىك ئورنىدا تۇرۇپ مەملىكەت ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالسۇن. مۇشۇ مەزمۇندا خەت پۈتۈلسۇن، دەپ ئەمىر قىلدى. خەت يېزىلىپ تەييار بولغاندىن كېيىن خان باشلىق پۈتۈن ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئۇمرالەر خەتكە مۆھۈر (تامغا)لىرىنى بېسىپ، خەزىنىگە تاپشۇردى. مۇشۇ ۋەسىقە (توختام خەت) خانلارنىڭ خەزىنىلىرىدە تا سۇلتان سەئىد خاننىڭ زامانلىرىغىچە ساقلىنىپ، بەلگۈلىمىلىرى ئىجرا بولۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇ خەتنى قالماق (موڭغۇل) تىلىدا «پارامىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇبلى خاننىڭ ئوغلى بۇزنان خان، ئۇنىڭ ئوغلى يىسۇ باھادىرخان، ئۇنىڭ ئوغلى پادىشاھى چىڭگىز قائان ئىدى. چىڭگىزخان تارىخ (ھىجرىيە) نىڭ بەشيۈز توقسان سەككىزىدە③ پادىشا-

---

① ئابا مۇسلىم ـ ئىران پادىشالىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

② تەبىر ـ كورگەن چۈشنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق بولىدىغانلىقىغا بېرىلگەن باھا.

③ مىلادى 1202 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

لىق تەختىدە ئولتۇردى. پايى تەختلىرى قارا ـ قۇرۇمدىكى "كىلوران" دىگەن يەر ئىدى، شۇچاغدا خەنزۇ (جۇڭگو) نىڭ خېنى تاڭ خاڭ بولۇپ، پايتەختى "خان بالىخ"① ئىدى. خەنزۇتىلىدا خان بالىخنى "جۇڭدۇ" دەيدۇ.

تاڭ خانلىقىنىڭ ئۇستىگە چىڭگىزخان چېرىك (ئەسكەر) تارتىپ بېرىپ، نۇرغۇن شەھەرلىرىنى ئالدى. ئاخىرى تاڭ خان تەسلىم بولۇپ، دوستلۇق ئىپادىسىنى بىلدۇرۇپ قىزىنى بەردى. چىڭگىزخان شۇنىڭغا رازى بولۇپ، تاڭ خاننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ ياندى.

شەرقتە خانبالىقتىن تارتىپ شىمالدا قازان② شەھرىگىچە بولغان زېمىننى "تاتارىستان" دەپ ئاتاشتىكى سەۋەپ، چىڭگىزخان قازان شەھرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا ئېلىپ بارغان تاتار ئەسكەرلىرى غەلىبە قازىنىپ، شۇ جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ نامى بىلەن "تاتارىستان" دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

كېيىن بۈيۈك ئېمىر تومۇركوراگان ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا تاتارلارنى كۆچۈرۈپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كەلدى، دېيىلىدۇ.

چىڭگىزخان غەرپ تەرەپتە روم، مەۋسىل، باغدات، جەنۇپ تەرەپتە ئۆز يايچان دەرياسى، سىندى، كابىل، بەدەخشان غىچە ھەم تاتارىستاننى قولىغا كىرگۈزۈپ يىگىرمە بەش يىل پادىشا بولدى. يەتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردى.

پارامىندىكى بەلگىلىمە بويىچە قارا چانۇيان ۋەزىر بولدى. قارا چانۇيان بۈيۈك ئېمىر تومۇركوراگانىڭ بەشىنچى ئاتىسى ئىدى. چۈنكى، ئېمىر تۆمۈرنىڭ ئاتىسى ئېمىر تاراغاي، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېمىر توكول، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېمىر ئېلىنگىز، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېمىر ئىجىل باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېمىر قاراچانويان باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېمىر سۇغۇنچىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېمىر بەردۇق باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېمىر ئىردىمچىن بەرلاس، ئۇنىڭ ئاتىسى قاچۇنى باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى دومنەخاندىن ئىبارەت. بۈيۈك ئېمىر تۆمۈرنىڭ سەككىزىنچى ئاتىسى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ تۆتىنچى ئاتىسى بىر ئىدى. خانلىق قۇبلى خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا، ۋەزىرلىك قاچۇنى باھادىر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا بەلگىلىنىپ پارامىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بۈيۈك ئېمىر تومۇركوراگان ھەر قانچە پادىشا بولغان بىلەن يەنىلا خىزمەتچى، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى دەرىجىسىدە ئىدى. پارامىننىڭ بەلگۈلىمىسىنى ئۆزگەرتەلمەي بىر نەچچە ئەۋلادىغىچە شۇنداق ئۆتتى.

مىرزا ئۇلۇغ بەگنىڭ زامانلىرىدا ئۇۋەيسخان③نىڭ ئوغلى يۇنۇس خان④ ئولجا تەرىقىسىدە قولىغا چۈشتى. ئۇنى شىرازغا⑤ پالىدى. يۇنۇس خان ھۈنەر- كەسپ قىلىپ "يۇنۇس ئۇستا" دەپ نام چىقىرىپ مەشھۇر بولدى. ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن سۇلتان سەئىد مىرزا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تەختكە چىققاندا، شىرازغا ئادەم ئەۋەتىپ يۇنۇس خاننى ئالدۇرۇپ كېلىپ "مۇندىن كېيىن مېنى

① خانبالىق — بېيجىڭنى كورسىتىدۇ.
② قازان- سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراشلىق ھازىرقى تاتارىستاننىڭ مەركىزى
③ ئۇۋەيسخان — موغۇلىستان خانلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
④ يۇنۇسخان — موغۇلىستان خانلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
⑤ شىراز- ئىراندىكى بىر شەھەر

دوستىبىلگەيلا، خىزمەتچى قاتارىدا كۆرمىگەيلا، مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا پادىشا» دېگەندەك نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا سالدى. يۇنۇس خان ماقۇل بولۇپ: سۇلتان سەئىد مىرزىنى «خان» دەپ ئاتىدى. سۇلتان سەئىد مىرزا يۇنۇس خانغا بىر مۇنچە موڭغۇللارنى قوشۇپ، موغۇلىستانغا خان قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتتى. ئاخىرى خۇدايارخان① غىچە ئەمىر تۆمۈر ئەۋلاتلىرىنىمۇ «خان» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ جۇچى خان، چاغىتايخان، ئۆكتايخان، تولۇيخان دەپ تۆرت ئوغلى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. چاغىتاي خانغا ئامۇ دەرياسىدىن تارتىپ پەرغانە ۋىلايىتى ۋە موغۇلىستان يۇرتلىرى تەقسىم بولدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ تەرەپتىكى خەلقلەرنى «چاغىتاي» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۆكتايخاننى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قالغان بالىلىرىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا يارلىق قىلدى. ھىلاكۇخان ـ مەشھۇر تولۇيخاننىڭ ئوغلى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ۋەقەلىرىمۇ نۇرغۇن، ئەمما بۇ يەردە موڭغۇلىستان خانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى يېزىش مەخسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھىلاكۇخاننىڭ ۋاقەلىرى سۆزلەنمىدى.

چاغىتايخاننىڭ ئوغلى ماموكاي، ئۇنىڭ ئوغلى سىرقىرا باھادىر، ئۇنىڭ ئوغلى بۇراقخان ئىدى. بۇراقخان ـ ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ ② بولۇپ «سۇلتان غىياسىدىن» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالدى. پايتەختى تاشكەنت شەھىرى بولۇپ، ياش ۋاپات بولدى ۋە ئىسلام پادىشالىرى ئىچىدە راۋاج تاپالمىغانلارنىڭ بىرى بولدى. بۇراقخاننىڭ ئوغلى دوۋاخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسان بۇغاخان، ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان يىگىرمە تۆرت يېشىدا مەۋلانا ئەرشىدىن③ نىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. تارىخى ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش ئالتىسى ④ ئوتتۇز تۆرت يېشىدا ۋاپات بولۇپ پايتەختى ئىلىدا دەپنە قىلىندى.

مەغپۇرخان، خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغدا ھەرقايسى يۇرت ئۆز ئالدىغا، باشقا ـ باشقا بولۇپ كەتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋرە ئۇننەھرى شەھەرلىرىنى «ئاتا مىراسىم» دەپ تونۇپ، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، سەمەرقەنتكە باردى. بۇ چاغدا ئەمىر تۆمۈر كوراگان شەھرى سەبزىدە ھاكىم ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋالدى. پارامىننىڭ بىلگۈلىسى بويىچە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوغلى ئىلياس غوجىنى سەمەرقەنت خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەمىر تۆمۈر كوراگاننى ئۇنىڭغا ۋەزىر قىلىپ بەلگۈلىدى. تاقۇندۇزغىچە بولغان زېمىننى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كەلدى. شۇ كۈندىن تارتىپ خالايىق ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئىلى شەھرىدە ئىسلام دىنى قانات يايدى.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتى ⑤ بىلەن ئەبۇ نەسرى سامانى ⑥ تارىخى ھىجرىيىنىڭ ئۈچيۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى ⑦ قەشقەر ۋىلايىتىگە كەلدى. بۇ چاغدا قەشقەردە بۇغرا-

---

① خۇدايارخان ــ تۈركىستان پادىشالىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىرىنىڭ ئىسمى.
② مۇشەررەپ ـ شەرەپلىك ھېسسىيات بىلەن قوبۇل قىلمىش.
③ مەۋلانا ئەرشىدىن ـ بۇخارالىق مەۋلانا جالالىددىننىڭ ئوغلى.
④ مىلادى 972 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ.
⑤ بىشارەت ـ چۈشىدە كورۇش ياكى كوڭلىگە چۈشۈش.
⑥ ئەبۇ نەسرى سامانى ـ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان كىشى.
⑦ مىلادى 1267 ـ يىلغا توغرى كېلىدۇ.

خانلاردىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئون ئۈچ ياشلاردا ئىدى. تەڭرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىشى، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى، ھاكىمىيەتنىمۇ قولىغا كىرگۈزدى. ھەممە خالايىق سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە تېرىشىشى بىلەن يەتتە شەھەردە ئىسلام ئاشكارا بولدى. ئەمما خوتەننىڭ خېنى ( ئۇلۇغى ) بويسۇنماي قىرىق يىلدىن كېيىن مۇسۇلمان بولدى، دېيىلىدۇ. " تۈركلەردىن ھەممىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغۇچى سۇتۇق بولىدۇ» دېگەن ھەدىس① سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۈچۈن ئېيتىلغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئاپراسىياپنىڭ ئەۋلادى، دېيىلىدۇ. قەبرىسى ئاتۇشتا بولۇپ، كىشىلەر ئۇلۇغ بىلىپ زىيارەت قىلىدۇ.

تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجاخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پايتەختتە ئولتاردى. بۇ چاغدا قۇمۇل، تۇرپان باشقا دىندا بولۇپ خىزىر خوجاخاننىڭ قولىدا ئىسلام دىنىغا كىردى. خىزىر خوجاخان بېيجىن تەرەپكە غازات② قىلىپ بېرىپ، خەنزۇلارنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئاخىر شېھىت بولدى. جەسىدى تۇرپانغا دەپنە قىلىندى. موغۇلىستاننىڭ پايتەختى ياركەنت بىلەن تۇرپاندۇر.

خىزىر خوجاخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتخان، ئۇنىڭ ئوغلى شىر ئەلىخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيس خان، ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇس خاندۇر.

يۇنۇسخان - دىيانەتلىك، ئالىم، مۇسۇلمان كىشى بولۇپ، پايتەختى تاشكەنت، خوجا ئوبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىدى ئىدى.

سۇلتان سەئىد مىرزانىڭ ئوغۇللىرى مىرزا مەھمۇت ۋە مىرزا ئەھمەتلەر مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ قالدى. خوجا ئەھرار ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئاتتىن چۈشۈپ شۇ يەردە ئولتۇرۇشتى. ئەمما خوجا ئەھرار نەملىك بار، پاك ئەمەس يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. مىرزىلار بۇ ئەھۋالنى سېزىپ دەرھال ئىتتىگىدە قۇرۇق توپا ئېلىپ كېلىپ تۆكۈپ پاكىزلەپ بەردى. خوجا ئەھرار بۇلارنىڭ ئىخلاسىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، خوشال بولۇپ دۇئا قىلدى. شۇ چاغلاردا بەزى بۇلاڭچى - قاراقچىلار موغۇلىستان ئادەملىرىنى ئېلىپ قېچىپ باشقا يۇرتلاردا ساتىدىكەن. خوجا ئەھرار بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولۇپ "دىيانەتلىك مۇسۇلمان پادىشالارنىڭ پۇخرالىرىنى ساتماق دۇرۇس بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ ساتىدىغان ئىشلار بولمىسۇن. يۇرت ھاكىملىرى قاتتىق مەنئى قىلسۇن» دەپ شەرىئەتنىڭ ئەمرىنى جارى قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ موغۇلىستان ئادەملىرىنى ئېلىپ ساتىدىغان ئىش تۈگىدى.

يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى ئەھمەت خان بولۇپ ئاقسۇدا دەپنە قىلىندى. بۇ يەر "ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالدى. چۈنكى موغۇللار خاننىڭ جەسىدى بار يەرنى ئىززەت قىلىپ، ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن "ئالتۇن» دەپ ئاتايتتى. خان-بەگلەرنىڭ بۇيرۇق خەتلىرىنىمۇ ئىززەت قىلىپ "ئالتۇن دەستەك»③ "ئالتۇن نىشان» دەيتتى. ئەخمەتخاننىڭ تاغىسى ئىسەن بۇغا خانمۇ ئاقسۇ ئالتۇنلۇققا دەپنە قىلىنىپ، ئىككى خاننىڭ جەسىدى بىر جايدا بولدى.

① ھەدىس — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ھەدىس دېيىلىدۇ.

② غازات — دىن ئۈچۈن قىلىنغان جەڭ غازات دېيىلىدۇ.

③ دەستەك — ھەممە كىشى بىردەك ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بۇيرۇق.

ئەخمەت خاننىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخان بولۇپ كابول شەھرىدە ئېمىر تۆمۈر كوراگاننىڭ ئەۋلادى بابۇر شاھنىڭ قېشىدا تۇراتتى. بىر نەچچە كىشى بىلەن ئەنجان ۋىلايىتىگە كېلىپ، ئۈچ يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇندىن كېيىن يەتتە شەھەرگە بېرىشنى مەسلىھەت قىلىپ، دوغلات، دوختۇي، بارلاس، جاراس قاتارلىق توققۇز قەبىلىدىن داڭلىق باتۇرلاردىن تۆرت مىڭ يەتتە يۈز كىشىنى تاللاپ بىللە ئېلىپ، قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا يەتتە شەھەرگە ئېمىر خۇدايدات ئەۋلادىدىن مىرزا ئابابەكرى پادىشا بولۇپ، قىرىق سەككىز يىل پادىشالىق قىلغان ئىدى. سۇلتان سەئىدخان بىلەن مىرزا ئابابەكرى ئارىسىدا ئۇرۇش، جەڭ بولۇپ، مىرزا ئابابەكرى يېڭىلىپ قېچىپ كەتتى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ يەتتە شەھەرنىڭ پادىشالىق تەختىدە ئولتۇردى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ خەزىنە، مال ـ مۈلۈك، چارۋا، باغ ـ باراڭلىرى ناھايىتى كۆپ، يۇرت خەلقىگە تولا زۇلۇم سالغان ئىدى. بىر كىشىدىن ئازراق گۇنا ئۆتكەن بولسا، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قويماي سۈپۈرۈپ ئالاتتى.

ئاقسۇ خەلقىنى ئەخمەت خانغا ياردەملەشتى دەپ ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلەرگە كۆچۈرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ دىيارى 16 يىل ۋەيرانە، ئادەمسىز، بوش ـ بىكار بولۇپ قالدى.

تارىختا ھېچقاچان مىرزا ئابابەكرىدەك زالىم پادىشا ئۆتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەر كىشى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى ئارزۇ ـ ھەۋەس قىلسا «تارىخ رەشىدى» نى ئوقۇپ كۆرسە كۇپايە قىلىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەر قايسى شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن ئاقسۇلۇقلارنى ۋە ئاقسۇدا ئولتۇراقلىشىشنى خالىغان كىشىلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، يەنە ئاۋات قىلدى.

ئاقسۇ خەلقى جاي ـ جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن تەپرىقە① كىشىلەر بولغاچقا، ئۆز ئارا ئىتتىپاق ئەمەس، دېيىلىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ خەزىنە، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى، ھەممىسى دۇنيادىن ھاجەتسىز بولدى.

«تارىخ رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان شۇ كىتابتا "شۇ چاغدا مەن ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشتا ئىدىم. مال دۇنياغا ئانچە قىزىقمايتتىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق ماڭا ئون يەتتە مىڭ قوي تەقسىم قىلىپ بەردى. پۇل ـ مالغا مەيلى بار كىشىلەر قانچىلىك ئالغاندۇر؟ غەنىمەت ئېلىنغان مال، ئولجىنىڭ كۆپلىكىنى شۇنىڭدىن قىياس قىلسا بولىدۇ» دەپ يازغان.

مەغپىرەتلىك، سېخى سۇلتان سەئىدخان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز، گاداي، خاراپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ مال دۇنيادىن ھاجەتسىز بولغانلىقىنى پەھىم قىلىپ بۇ يەتتە شەھەر خەلقىدىن تۆلەيدىغان ئون يىللىق باجنى كۆتۈرىۋەتتى. "ئون يىلغىچە پۇقرالاردىن بىر نەرسە ئېلىنمىسۇن، ئالۋاڭ ـ ياساق سېلىنمىسۇن، پۇقرالارمۇ بىر نەرسە بەرمىسۇن" دەپ يارلىق چۈشۈردى. بەش

① تەپرىقە ـ پارچە ـ پارچە، باشقا ـ باشقا.

يىلىغىچە ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالى ئوبدان ئۆتتى. بەش يىلدىن كېيىن ئەھۋال خاراپلاشقىلى باشلى-
دى. ئوردا ئەمەلدارلىرى مەسلىھەت قىلىشىپ، ئۆتنە - قەرىز ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئالتىنچى يىلنى
ئۆتكۈزدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئەھۋال يەنە ئوڭشالمىدى. خان ئۆز ئەمرىدىن يانسا، يۇرت خەلقىنى
بىر نەرسە دېگىلى بولمىسا، دەپ پۈتۈن دۆلەت ئەركانلىرى يەنى ئوردا ئەمەلدارلىرى يىغىلىپ مەسلى-
ھەت قىلىشتى. ئاقىۋەتتە تۆرت يىلنى ئارتۇق ھېساپ قىلىپ "بىزلەر بۇ شەھەرگە كەلگىلى ئون يىل
بولدى. مەسىلەن، بۇ يىل كالا يىلى كىردى. يۇرت خەلقىدىن باج ئالساق" دەپ خانغا ئىلتىماس
قىلدى. خان بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، پۇقرالاردىن شەرىئەت ھۆكمىدە مۇۋاپىق باج - خىراج
ئېلىشقا يارلىق چۈشۈردى. خاننىڭ يارلىق، ئەمىر - پەرمانلىرىنىمۇ تۆرت يىلنى قوشۇپ ھېساپلىغان
يىل يېزىلدى. پۇقرالارمۇ شۇ ھېساپنى قوبۇل قىلدى. بۇ شەھەرنىڭ يىل ھېساۋى باشقا شەھەرلەر-
دىن تۆرت يىل ئىلگىرى بولاقلىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەت.

سۇلتان سەئىدخان يىگىرمە يەتتە يىل پادىشالىق قىلىپ، تارىخ ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز
ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلى① قىرىق يەتتە يېشىدا ۋاپات بولۇپ، ياركەنتكە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭدىن
كېيىن ئوغلى ئابدۇرەشىتخان خان بولدى.

ئابدۇرەشىتخان ناھايىتى غەيرەتلىك، سېخىلىقتا تەڭدىشى يوق، ئۆلىما، پەزىلەتلىك شائىر
كىشى ئىدى. پارس، تۈرك تىللىرىدا ياخشى شېئىر يازاتتى. مۇزىكا ئىلمىدا پىساغورس ئىككىنچى
ئىدى. ② «ئىشرەت ئەنگىزى» ③ ناملىق بىر مۇقام ئىجات قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا خوجا مەھەممەت
شېرىپ پىر دېگەن (ئىشان) كىشى كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭغا مۇرىد بولدى. مىرزا مۇھەممەت ھۈسەيىن
كوراگانىنىڭ ئوغلى مىرزا ھەيدەر ئابدۇرەشىت خاننىڭ نامىرىغا بىر تارىخ كىتاۋىنى يېزىپ، ئىسمى-
نى «تارىخى رەشىدى» قويدى. يىگىرمە يەتتە يىل پادىشالىق قىلىپ، تارىخي ھىجرىيىنىڭ توققۇز
يۈز ئاتمىش يەتتىسى ④ قىرىق توققۇز يېشىدا ۋاپات بولدى. ياركەنتكە دەپنە قىلىندى. ئورنىغا
ئوغلى ئابدۇكېرىمخان خان بولدى. ئادىللىق بىلەن يۇرتنى ئاۋات قىلدى. زۇلۇم - زورلۇقنى يوق
قىلدى. بۇ چاغدا ئىنىسى مۇھەممەتخان ئاقسۇغا، يەنە بىر ئىنىسى سوپى سۇلتان قەشقەرغە ھاكىم
ئىدى. ئوتتۇز ئۈچ يىل پادىشا بولۇپ تارىخى ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭىنچى⑤ يىلى ۋاپات بولۇپ
ياركەنتكە دەپنە قىلىندى.

ئابدۇكېرىم خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى مۇھەممەت خاننى ياركەنتكە ئېلىپكېلىپ،
خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. مۇھەممەتخان ھەم پادىشا ھەم دەرۋىش كىشى ئىدى. پادىشا بولۇپ
سەككىز يىل ئۆتكەندە ۋىلايەت تەرىپىدىن ھەق يولغا يېتەكلىگۈچىنىڭ ۋارىسى، يەنى مەخدۇم ئەزەم-
نىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ياركەنتكە كەلدى.
مۇھەممەتخان ئىشەنچ بىلدۈرۈپ مۇرىد بولدى. كۆپ ياخشى ئىشلار ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇنى بايان
قىلساق سۆز ئۇزۇرۇپ كېتىدۇ.

---

①مىلادى 1528 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② پىساغورس - مىلادىدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇزىكاشۇناس
③ «ئىشرەت ئەنگىزى» ئاتالغىق مۇزىكاشۇناس ئاماننىسا خېنىم ئىجات قىلغان بىر مۇقامنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ سۇلتان
ئابدۇرەشىتخان نامىغا يېزىلىپ قالغان.
④مىلادىيە 1556 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
⑤مىلادىيە 1586 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇھەممەت خان يەتمىش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئونسەككىز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى شۇجائىددىن ئەخمەت، خان بولدى. بۇ كىشىنى ئۆز ئادەملىرى شەھىت قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئابدىلىتىپ سۇلتان، خان بولدى. ئون ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يىگىرمە ئالتە ياشلىرىدا ۋاپات بولدى. تارىخى ھىجرىيىنىڭ بىرمىڭ ئوتتۇز يەتتىنچى ① ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خانزادىلەر ئۆز ئالدىغا پادىشا بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇ چاغلاردا قۇمۇلدىن تارتىپ بۈگۈرگىچە ئابدىرىشىت خاننىڭ ئون ئىككىنچى ئوغلى ئابدىرىھىم خان پادىشا ئىدى.

سۇلتان سەئىد خاندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى شەرقتە قۇمۇل، غەرپتە بەدەخشان، شىمالدا ئىسسىق كۆل، جەنۇپتا چەرچەن، لوپقىچە بولغان زىمىنلەرگە پادىشا بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى.

تارىخى ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ قىرىق سەككىزىنچى يىلى ② سۇلتان ئابدۇرىشىت خاننىڭ توققۇزىنچى ئوغلى ئابدۇللاخان بۆلۈنۈپ كەتكەن خانلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاتا-بوۋىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئوتتۇز ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەمما رەھىمسىز، زالىم، قانخور، گۇمانخور ئىدى. ئىلگىركى خان، بەگلەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىشەنچلىك دولەتپەرۋەر ياخشى كىشىلەردىن گۇمان قىلىپ، كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى يۇرتتىن قوغلىۋەتتى.

بىر ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان ئىككى ئىنىسى ـ ئىبراھىم سۇلتان ۋە ئىسمائىل سۇلتانىنىمۇ قوغلىۋەتتى. ھىچ كىشىگە ئىشەنمىدى. ھەتتا ئۆز پەرزەنتلىرىگىمۇ ئىشەنمىدى. بالىلىرىمۇ دادىلىرىدىن خاتىرجەم بولالمىدى. يۇرتلەرگە قىرغىزلارنى ھاكىم قىلدى. قەشقەرگە قويسارى بەگنى، ئاقسۇغا ئولجا تاي بەگنى، ئۇچتۇرپانغا ئالتەقوروتقە بەگنى ھاكىم قىلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ تولىسىنى قىرغىزلارغا ئۇتقازدى. شۇنداقتىمۇ يەنە قىرغىزلاردىن، يۇرت خەلقىدىن خاتىرجەم بولالماي گۇمانخورلۇق بىلەن تولا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ناھەق قان تۆكتى. ئاخىرى ئارام ئالالماي تارىخى ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ سەككىزىنچى يىلى ③ ئورنىغا ئوغلى يولۋاس خاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ "مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىمەن" دەپ خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

يولۋاسخان بىر نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغىسى ئابدىرىھىم خاننىڭ ئوغلى ئىسمايىلخان خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يۇرت ۋە پۇقرانى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن سورىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە كىشى خوشال ـ خورام ئۆز ھالى بويىچە تۇرمۇش كۆچۈردى.

مۇشۇ دەۋردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا يۇسۇپ خوجام ۋە ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا خوجام مەشھۇر بولغان ئىسمى "ھەزرىتى ئاپپاق" ئاتا ـ بالا ئىككىلىرى پەيدا بولدى. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خوجا يۇسۇپ خوجام بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ قەشقەرگە دەپىن قىلىندى.

ئىسمائىلخان ئون ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئىلىغا سەپەر قىلدى. ھاكىمىيەت مۇھەممەت خاننىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن خوجا دانىيال خوجام

① مىلادىيە 1624 ـ يىلىغا توغرى كېلىدۇ.

② مىلادىيە 1635 ـ يىلىغا توغرى كېلىدۇ.

③ مىلادىيە 1668 ـ يىلىغا توغرى كېلىدۇ.

سەيچادە نېشىن ① ئورنىنى ئىگەللەپ تۇرغان چاغ ئىدى. ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. قالماق (موڭغۇل) ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ دۆلەت چىرىغى ئۆچۈشكە باشلىدى. موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نەپسى يوغىناپ، نۇرغۇن چىرىك - ئەسكەر ئېۋەتىپمۇ يەتتە شەھەر خەلقىنى بويسۇندۇرالمىدى. يەتتە شەھەر خەلقى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى نومۇس دەپ بىلدى. يەتتە شەھەر خەلقىنىڭ خوجىلارغا ئىخلاس قىلىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ موڭغۇللار خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۆتۈشتى. ھەر شەھەردە موڭغۇلدىن بىر باش نازارەتچى ۋە بىر نەچچە ئەمەلدار تۇرىدىغان بولدى. ھەر يىلى يەتتە شەھەر خەلقى ئىلىغا نۇرغۇن ساندا خام - ماتا ئېۋەتىپ، موڭغۇللارغا باج تۆلىدى.

دانىيال خوجىدىن كېيىن ئەبەيدۇللا خوجا باشلىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەۋلاتمۇ - ئەۋلات شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ كېتىۋەردى. ئەبەيدۇللا خوجىدىن كېيىن ئوغلى ياقۇپ خوجا، يۇسۇپ خوجا، خامۇش خوجىلار ئىتتىپاقلىشىپ يۇرتدارچىلىقتىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ياقۇپ خوجا پايتەختى ياركەندە، يۇسۇپ خوجا قەشقەردە، خامۇش خوجا ئاقسۇدا تۇراتتى.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئىلىدا موڭغۇللاردىن "قونتەيجى" دىگەن پادىشا بولۇپ قۇمۇل، قازاقىستان، موڭغۇلىيە، قىرغىزىستان، تۈركىستان ② چىمكەنت، سايرام، موغۇلىستان يۇرتلىرىغا ھۆكۈمران ئىكەن. خوجىلارمۇ قونتەيجىنىڭ ئەمرى - پەرمانىغا بويسۇنۇپ، ھەر يىلى بىر، ياكى ئىككى قېتىم نۇرغۇن سوۋغا - سالام، تارتۇق - پېشكەشلەرنى ئېلىپ، ئىلىغا بېرىپ، قونتەيجىگە كۆرۈنۈش قىلىپ، رۇقسەت بەرگەندە قايتىپ كېلىدىكەن. قونتەيجى ھەر قايسى خوجىنىڭ بىردىن ئوغلىنى ئىلىگە ئېلىپ چىقىپ، بۇرۇن ئورنىدا تۇرغۇزىدىكەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر نەچچە يىل ئۆتتى.

يۇسۇپ خوجا ناھايىتى چارە - تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، نۇرغۇن سوۋغا- سالام، تارتۇق- پېشكەشلەر بىلەن ئىلىغا چىقىپ، قونتەيجىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ بىر نەچچە يىل تۇردى. ئاندىن نۇرغۇن ئىلاج، تەدبىر بىلەن ئىلىدا بورۇن تۇتۇپ تۇرغان خوجىزادىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە قونتەيجىدىن بۇيرۇق ئېلىپ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىپ، مۇز داۋانغا كەلدى. بۇ چاغدا قونتەيجى ھېلىقى بۇيرۇقىدىن يېنىۋېلىپ، خوجىلارنى ياندۇرۇپ كېلىشكە ئادەم ئېۋەتتى. خوجىلار مۇز داۋاندىن ئۆزلىرى ئۆتىۋالغاندىن كېيىن، توساپ تۇرۇپ باشقىلارنى ئۆتكۈزمەي، ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. دەرھال شەھەر - شەھەرگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ، شەھەردە تۇرۇۋاتقان موڭغۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، "شەھەرنى غەيرى دىنلىقلەردىن تازىلاڭلار" دىگەن مەزمۇندا خەت ئېۋەتتى. بۇ چاغدا خوجىلارنى "ئاق خان"، موڭغۇللارنى "قارا خان" دەپ ئاتايتتى. نەتىجىدە خوجىلار، موڭغۇللارنى ئۆلتۈرۈپ يەر بىلەن يەكسان قىلدى. يەتتە شەھەر موڭغۇللارغا ئىتائەت قىلىشتىن قۇتۇلۇپ ئىسلام ئاشكارا بولدى. راۋايەتلەرگە قارىغاندا موڭغۇللار ئۆزلىرىنى راسلاپ بۇ تەرەپكە ئەسكەر ئېۋەتىپ، ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى تاپقىچە قونتەيجى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى دابىاچى ئولتاردى.

---

① سوفىزىم كوز قارشى بويىچە ئەلگە يوقۇرى دەرىجىدىكى يېتەكچىلىك ئورۇن.
② تۈركىستان - ئاپتور ھازىرقى ئوزبېكىستاننى كوزدە تۇتىدۇ.

قۇنتەيجىنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇققان، قەۋمى- قېرىنداشلىرى كۆپ ئىدى. بۇلار كىچىك ئوغلىنى خان قىلماقچى بولۇپ، داۋاچىغا قارشى چىقتى. ئوتتۇرىدا ئۇرۇش-جېدەل بولدى. دۆلەت ئەرباپلىرىمۇ ئىككىگە بۆلۈندى. ئەمما كىچىك ئوغلى تەرەپ تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قالدى. بۇلار "ئامۇرسانا" دېگەن بىر موڭغۇلنى بېيجىڭگە ئەۋەتىپ، خانغا مۇنداق دەپ ئەرز قىلدى. "موڭغۇلىستاننىڭ خانلىقى ماڭا تېگىشلىك ئىدى، ئەمما باشقا كىشى تارتىپ كەتتى. ماڭا ياردەم قىلىپ ئەسكەر بەرسىڭىز، موڭغۇلىستاننى چىن خانلىقىغا تەۋە قىلاتتىم". شۇ چاغدا كاڭشى ① خان بولۇپ، موڭغۇلىستاننى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلايتتى. شۇڭلاشقا ئامۇرساناننىڭ ئەرزىگە ناھايىتى خوش بولۇپ، نۇرغۇن چېرىك ئەۋەتتى. داۋاچى كاڭشىنىڭ چېرىكلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، خەزىنە - دەپىنە، مال - مۈلۈكلىرىدىن قولىغا چىققانلىرىنى ئېلىپ، ئۈچيۈزچە تەييارتاپ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە ئىلىدىن قېچىپ چىقتى. قەيەرگە بېرىشىنى بىلەلمەي بېشى قاتتى. شۇ چاغدا ئۇچتۇرپانغا قونتەيجىنىڭ پەرمانى بىلەن بەلگىلەنگەن خوجاسى بەگ دېگەن كىشى ھاكىم ئىدى. شۇنىڭدىن ۋاپا تەمە قىلىپ ئۇچتۇرپانغا كەلدى. خوجاسى بەگ ناھايىتى مەككار كىشى ئىدى. داۋاچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەتلەپ ئوردىسىغا، ئادەملىرىنى باشقا جايغا چۈشۈردى. كاتتا زىياپەت قىلىپ، زىياپەت ئۈستىدە داۋاچىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى جايى - جايىدا تۇتۇپ باغلىدى. "كاڭشىنىڭ چېرىكلىرىگە بۇنىڭدىن ياخشى سوۋغا بولمايدۇ" دەپ خوجاسى بەگ داۋاچىنى ئادەملىرى بىلەن ئېلىپ يولغا چىقىپ، تىكەسكە بارغاندا كاڭشىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. چېرىكلەرنىڭ باشلىقى "ياخشى ئىش قىلىپ ۋاقتىدا ئېلىپ كەپسىز، داۋاچى ئۇلۇغ خاننىڭ چوڭ دۈشمىنى. ئۆزىڭىز ئېلىپ بېرىپ، قىلغان خىزمىتىڭىزنى ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىپ يېنىپ كېلىڭ". دەپ مەخسۇس خەت بىلەن ئادەم قوشۇپ بېيجىڭگە يولغا سالدى. بېيجىڭگە بارغاندىن كېيىن كاڭشى خان خوجاسى بەككە ۋاڭلىق مەنسەپ بېرىپ پەرمان چۈشۈردى. شۇندىن تارتىپ نەۋرىسى قادىر بەككە كەلگىچە ۋاڭ بولۇپ ئۆتتى.

كاڭشىنىڭ چېرىكلىرى ئىلىنى ئالغاندىن كېيىن، يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇ چاغدا يەتتە شەھەرگە ئىسھاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن يۈسۈپ خوجا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى كېلىشەلمەي ئوتتۇرىدا ئاداۋەت بولۇپ، ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسمايىل خان بىلەن ئىلىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. يەتتە شەھەر خەلقىمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بەزىلىرى ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، بەزىلىرى ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىغا ئەگىشىپ، ئېتىقات قىلىپ مۇرىت بولغان ئىدى. ئىلىنىڭ بەزى ئاتاقلىق كىشىلىرى كاڭشى خاننىڭ چېرىكلىرىگە مۇنداق مەسلىھەت كۆرسەتتى: "قەشقەردىكى يۈسۈپ خوجا ناھايىتى تەدبىرلىك كىشى، ئىلىدا ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بار. شۇلاردىن بىرنى "خوجا" ياساپ بىللە ئېلىپ بارمىساڭلار، يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈشىڭلار تەس بولىدۇ. خان چېرىكلىرى كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ." بۇ مەسلىھەت كاڭشىنىڭ چېرىكلىرىگە ناھايىتى ياقتى. ئىلىدىكى ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بۇرھانىدىن خوجىنى خوجا تىكلەپ، بىللە ئېلىپ، ئاقسۇغا بار-

① كاڭشى — مانجۇلارنىڭ 7 - قېتىملىق خانى.

دى . ئۇ يەردىن ئۈچتۇرپانغا ئۆتۈپ ، ئۈچتۇرپاننىمۇ قولغا كىرگۈزدى . بۇ چاغدا قەشقەردىكى يۈسۈپ خوجا ، ئوغلى سىدىق خوجىنى باش قىلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن كاشىنىڭ چېرىكلىرىنى توساش ئۈچۈن ئۈچتۇرپانغا ئەۋەتتى . ئۈچتۇرپاندا نۇرغۇن ئۇرۇش ـ جەڭلەر بولدى. ئاخىرى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ ئارقىسىغا ياندى. شۇ چاغدا يۈسۈپ خوجا كېسەل ئىدى. ئەسكەرلىرى قايتىپ بارغىچە ۋاپات بولدى . كاشى خاننىڭ چېرىكلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قەشقەرنى ئالدى . ئۇندىن ئۆتۈپ، يەكەن ، خوتەننىمۇ قولغا كىرگۈزدى. ياقۇپ خوجا باشلىق ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ شېھىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە شەھەر خەلقى چىن خانلىقىغا تەسلىم ۋە تەۋە بولدى.

ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىرىنچى يىلى ① كۇچاردا راشىدىن خوجا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قۇمۇلغىچە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى .

گەپنىڭ قىسقىسى، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ سەكسىنىنچى يىلى ئابدۇللاخان پادىشالىقنى ئوغلى يولۋاسخانغا تاپشۇرۇپ ھەرەمگە كەتكەن ئىدى . ئابدۇللا خاننىڭ قانچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسمايىلخان تەختكە چىقىپ 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىنخان ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇلارنىڭمۇ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى،ھەم كاشى خاننىڭ چېرىكلىرى يەتتە شەھەرگە قاچان كەلدى؟ قانچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى؟ بۇلارنىڭ ۋاقتىمۇ ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئابدۇللا خاندىن كېيىن راشىدىن خوجا باش كۆتۈرۈپ چىققانغا قەدەر ئىككى يۈز يىل ئۆتۈپتۇ . مۇشۇ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئۆتكەن خان ـ پادىشالارنىڭ تارىخى تېپىلمىدى . ئابدۇللا خاندىن كېيىن خان ئەۋلاتلىرى ھەم خوجىلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى تەخمىنەن قىرىق يىل، كۆپ بولسا ئەللىك يىل بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ھېساپلىغاندا يەتتە شەھەرنى چىن خانلىقى بىر يۈز ئەللىك ياكى بىر يۈز ئاتمىش يىل سورىغان بولىشى مۇمكىن. بۇ خىل چوڭ ھادىسىلەرنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپ ئۆتكەن كاتتا بالا ـ قازالارنىڭ ۋاقەلىرىنى بىلىدىغان، جاھاندىن خەۋىرى بار ، تارىخ كىتاپلىرىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلغان، زامانىنىڭ بىرەر دەناسى، دەۋرنىڭ بىرەر فازىل ئۆلىماسى تارىخ يازغان بولىشى مۇمكىن. بۇ تارىخ ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ خەزىنە ياكى كۈتۈپخانىلىرىدا ساقلىنىپ، بىرەر ئۇرۇش ـ جېدەل يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ۋاقىتلىرىدا زايا بولۇپ كەتكەن بولىشى، ياكى خەلققە ئاشكارا بولماي، يېزىلغان جايىدا يوشۇرۇن ساقلىنىپ قالغان بولىشى مۇمكىن.

يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى خوجىلار تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئوي ـ خىيالى، ئىش ـ ھەركىتى دەرۋىشلىك بىلەن بولۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. بىر قىسىم ھىلىگەر، كۆز بويامچى، غەيبەتچى ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئىخلاسمەن، ئىشەنچلىك كۆرسىتىپ خوجىلارغا يېقىن بولىۋالدى. ئەمما تاشقىرىدا ھەر بىرسى بىر "بۆرى" بولۇپ ، خۇددى بۆرى قويغا ئېتىلغاندەك، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكى ھەتتا جان ـ ھاياتىغا ھوجۇم قىلىپ، خەلققە ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم-

① مىلادى 1864 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ.

جاپا قىلدى. خالايىق بۇلارغا "ئىۈششاق" دەپ ئات قويدى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ خانىقادا ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشانلىق قىلىپ ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن خوجىلار يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى، دۆلەت ۋە سىياسەت قائىدىلىرىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ ھالى خاراپ بولۇپ، چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.

بۇرۇندىن يۇرت سوراپ كەلگەن، خوجىلار دەۋرىدە خار بولۇپ، پۇقرا بولۇپ قالغان بىر نەچچە كىشى يىغىلىپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئەزەلدىن يۇرتنى ئىدارە قىلغان، ھۆكۈمەت ئىشىنى بىلىدىغانلار چەتكە قېقىلىپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا قالدى. ھوكۇمەت ئىشىنى بىلمەيدىغان، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتىكىلەر خان بولۇپ ھوكۇمەت بېشىغا چىقتى. شۇڭلاشقا يۇرت ، خەلق خانىۋەيران بولدى. بىز بىر نەچچە ئادەم چىن خانلىقىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئەرز ـ ھال ئېيتىپ چېرىك تەلەپ قىلساق، ئەگەر چېرىك بەرسە ، كېلىپ خوجىلاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ،چىن خانلىقىغا تەۋە بولساق، شۇ چاغدا يۇرتىمىز ئاۋات، ئەۋلاتلىرىمىز خاتىرجەم بولىدۇ، دېيىشىپ يەتتە كىشى يولغا چىقتى. چىن خانلىقىنىڭ چېگرا قاراۋۇللىرىدىن ئۆتۈپ، ئاقىۋەت يېتىپ بېرىپ ، خان بىلەن كۆرۈشۈپ ئەرز ـ ھال ئېيتتى. چىن خانلىقى بۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن چېرىك بىلەن قايتۇردى. بۇـ لار كېلىپ يەتتە شەھەرنى ئۇرۇش ـ جەڭ قىلمايلا ئالدى. بۇ يەتتە كىشىنىڭ قىلغان خىزمىتىنىڭ بەدىلىگە ۋاڭ، گۇڭ، بەگلىك، بەيسى قاتارلىق چوڭ ئۇنۋان بېرىپ، بىردىن شەھەرگە ھاكىم قىلدى. يەنە ھەر بىرىگە يەر،سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بىر نەچچە ئۆيلۈكتىن دېھقاننى يانچى قىلىپ تەيىنلەپ بەرگەننىڭ ئۈستىگە، ھەر يىلى ھوكۇمەت غەزىنىسىدىن نۇرغۇن كۈمۈش مۇئاش بېرىشنى بەلگىلىدى. ئۇششاقتالدا كاتتا بۇتخانا ياساپ، بۇ يەتتە كىشىنىڭ بۇت (ھەيكەل) لىرىنى ياساپ تىكلىتىپ، "بۇلار بولسا يەتتە شەھەرنىڭ ئىگىسى ۋە ئاسرىغۇچىسى، يەتتە شەھەر تەرەپكە ئۆتكەن ھەر قانـ داق مەنسەپدار، بەگلەر بۇ بۇتخانىنى يوقلاپ ئۆتسۇن" دەپ چىن خانلىقى پەرمان چۈشۈردى. شۇنـ دىن تارتىپ ھاكىمىيەت مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتكىچە بۇتخانا بار بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەر قانداق مەنسەپدار ياكى پۇقرا، ئېلىپ ساتارلارمۇ بۇتخانىغا بېرىپ، ھەتتا قونۇپ ئۆز رەسمى بويىچە قەغەز كويدۇرۇپ، باش ئۇرۇپ، مەدەت تىلەپ ئاندىن قايتىدىكەن. ئۇنداق قىلمىغانلار جازاغا تارتىلىدىكەن. بۇت قويۇلغان ئۆينى "ئۇلۇغ ئۆي" دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۆزلىرىنى "ئۇلۇغ ئۆي" كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادى بىز، دەپ ناھايىتى پەخىرلىنەتتى. قاچانكى ھاكىمىيەت مۇسۇلـ مانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ بەگلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ يەنە پۇقرالىق كوچىسىغا كىرىپ قالدى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مانجۇلار كېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالـ دى. بۇ چاغدا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان يەتتە كىشىگە مەنسەپ ، ھوقۇق ئىنئام قىلغان خاننىڭ ئوغلى خان ئىكەن. "يەتتە شەھەردە مېنىڭ ئاتامغا خىزمەت قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارـ نىڭ ئۆزى بارمۇ؟ياكى ئەۋلاتلىرى بارمۇ؟ سۈرۈشتۈرۈپ ماڭا مەلۇم قىلىنسۇن" دەپ پەرمان كەلدى. بۇلارمۇ ئەۋۋەلقى خان بەرگەن يارلىقلىرىنى ساقلىغان ئىكەن. ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئاتا ـ بوـ ۋىلىرىنىڭ مەنسەپلىرىنى يەنە تاپتى. بۇرۇن خان تەرىپىدىن توختىتىلغان مۇئاشلىرىنى ئېلىپ تۇرـ دى. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭگە بېرىپ، خانغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئىززەت ـ ھورمەت، خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كېلىدىكەن لېكىن نەچچە يىل، نەچچە ئەۋلات شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بۇ ئىشلار رۇشەن،مەلۇم ئەمەس.

چىن خانلىقىنىڭ چىرىكلىكى ۋە ئۇلۇغلىقىنى شۇنىڭدىن بىلىش لازىمكى، بىر قېتىم خىزمەت قىلىپ، نەچچە ئەۋلات مۇئاش ئېلىپ يەپ يېتىپتۇ. تەگرىم... ھەممە پادىشالارنىڭ ھەقىقى پادىشاھى سەن. بەندىلىرىڭنىڭ ئەلىك - ئاتمىش يىل ئىچىدە بىرەر قېتىم قىلغان بەندىچىلىك، ئىبادەت- لىرىنى دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلىپ، ئىلگىر - ئاخىر قىلغان گۇنالىرىنى ئەپۇ قىلىپ، بېھىشكە كىرىش- نى نېسىپ قىلساڭ سەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس . چۈنكى بەندىلىرىڭنى ھەممىدىن بەك ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى كەرەملىك سېخى سەن. كىشىلەرنىڭ تىلەك - ئارزۇلىرىنى ئىجابەت قىل- غۇچىسەن. ئامىن !

## جاھانگىر خوجىنىڭ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى، مۇھەممەت ئىلى خان كېلىپ، قەشقەرنى ئالغانلىقى، تۇرغۇن مانجۇ چېرىكلىرى كېلىپ، يەتتە شەھەرنى يەنە تارتىۋېلىپ، جاھانگىر خوجا باشلىق بىر مۇنچە مۇسۇلمانلارنى ئەسىر قىلىپ، بېيجىڭگە ئېلىپ كەلگەنلىكى، مۇھەممەت ئىلى خان ئەلچى ئېۋەتىپ ئەسىرلەرنى چىن خانلىقىدىن تىلەپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

راۋايەت قىلغۇچىلار ۋە خەۋەر بەرگۈچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلى ① مۇھەممەت ئېلىخان ئۆمەر خان ئوغلى (خۇدا رەھمەت قىلسۇن) قوقەند ۋە پەرغانە ۋىلايەتلىرىدە خانلىق تەختىگە چىقىپ، ھوكۇمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق سەككىزىنچى يىلىغا ② كەلگەندە جاھانگىر خوجا قوقەندلىك ۋە قەشقەرلىك ئىخلاسمەنلىرىدىن بىر نەچچە مىڭ كىشىنى يىغىپ ئەگەشتۈرۈپ، پەرغانىدىن قېچىپ چىقىپ، موغۇلستان شەھەرلىرىدىن قەشقەرگە كەلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنى قولغا كىرگۈزۈپ خان بولۇش نىيىتىدە، قەشقەرگە ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان مانجۇ چېرىكلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى مۇھەممەت ئېلىخان ئاڭ- لاپ، غەزەپ كېلىپ، غەيرىتى ئۆرلەپ، دولەت ئەرباپلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قىلىشتى. پۈتۈن ئا- لەمنىڭ تەڭرىسى بىزگە ئاتا قىلىپ بەرگەن پادىشالىقنى ياخشى يۈرگۈزمەي، سۇسلۇق ۋە بىخىتلىق قىلىش، ھۆكۈمەتدارچىلىق ۋە پادىشالىققا لايىق ئىش ئەمەس . بىر بۆلگۈنچى بىر نەچچە باشباشتاق ئادەملەرنى توپلاپ قەشقەرگە بېرىپ، كاپىرلارنى قورشاپ، ۋىلايەت ئېلىشنى داۋا قىلىپ، خانلىق ناغرىسىنى چېلىپ، ئەسكەر كەشلىك قىلماقچى بولۇپتۇ . بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ . يەنە بىرى، جاھانگىر خوجا قەشقەرنى قولغا كىرگۈزسە، كاپىرلار نەچچە يىللاردىن بېرى يىغىپ توپلىغان خەزىنە - مال - مۈلۈكلەر باش - باشتاق ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈ -

① مىلادى 1819 - يىلىغا توغرى كېلىدۇ.
② مىلادى 1826 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

شۇپ زايا بولۇپ كېتىدۇ. چىن خانلىقى بولسا چوڭ پادىشا، بېيجىڭدىن كاپىرلار يەنە كېلىپ قەشقەرنى بېسىۋالسا ئۇلارغا غەزىنە، مال ـ مۈلۈك لازىم بولىدۇ. ئەگەر مانجۇلار كۈچلۈك كېلىپ، جاھانگىر خوجا يېڭىلىپ قالسا بىز تەرەپكە قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا چىن خانلىقى بىزگە گەپ ـ سۆز قىلالماي قالىدۇ. شۇڭا مەسلىھەتىمنىڭ ياخشىسى شۇكى، بىزمۇ قەشقەرگە ئەسكەر ئېلىپ بارايلى، غەلىبە قىلىپ شەھەرنى ئالالىساق ناھايىتى ياخشى. ئەگەر ئالالمىساق غازات ـ جەڭ قىلغانىمىزنىڭ ساۋابىغا ئىگە بولىمىز، دېيىشىپ ئۈچ مىڭ ئەسكەر بىلەن مۇھەممەت ئېلىخان قەشقەرگە كەلدى. جاھانگىر خوجا نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ، پادىشالىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە تازىم قىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتى بىلەن بىر چوڭ باققا چۈشۈردى. بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ مانجۇ چېرىكلىرى تۇرغان خەنزۇ شەھەردە يەرلىك ئاھالە تۇرىدىغان شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئەتىسى جاھانگىر خوجا مۇھاسىرە، قورشاش ئىشىنى مۇھەممەت ئېلىخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مۇھاسىرىگە قاتناشقان قەشقەرلىقلەرنى ياندۇرۇپ ئالدى. مۇھەممەت ئېلىخاننىڭ بۇيرىقى بىلەن قوقەند ۋە ئەنجاندىن كەلگەن ئەسكەرلەر مۇھاسىرىنى كۈچەيتىپ، خەنزۇ شەھەرنىڭ سېپىلىنىڭ تۆۋىگە دورا كۆمۈپ ئوت ياقتى. بۇنىڭ بىلەن سېپىلنىڭ بىر تەرىپى ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، كۈننىڭ نۇرىنى توساپ، ئالەمنى ئىس ـ تۈتەك بېسىپ، قاراڭغۇچىلىق بولدى. بۇ چاغدا باتۇر ئەسكەرلەر خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندەك، شەھەر سېپىلىغا ئۆزىنى ئاتتى. كاپىرلار: "مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن ھۇجۇم قىلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ يولنى توساپ قارشىلىقنى كۈچەيتىپ توپ، زەمبىرەكلەرنى ئاتتى. تاشقىرىدىن مۇھەممەت ئېلىخاننىڭ ئەسكەرلىرىمۇ توپ، زەمبىرەك ئاتتى. كاپىر ۋە مۇسۇلمانلار ئارىلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلىشتى. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر سېپىلنىڭ ھەر تەرىپىگە شوتا قويۇپ خۇددى داۋازدەك سېپىلغا چىقتى. كاپىرلار مىلتىق، تاش، كېسەك ئېتىپ، ئوت تاشلاپ، ئۈچ قېتىم سېپىلدىن قوغلاپ چۈشۈردى. جەڭ تۆتىنچى كۈنىگە قەدەم قويغاندا مۇھەممەت ئېلىخان قارىسا ئۆلۈك، شەھىتلەرنىڭ جىقلىقى، ياردار، زەخىمدارلارنىڭ كۆپلىگىدىن سېپىلغا بارىدىغان يول قالماپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، مۇھەممەت ئېلىخاننىڭ دىلى ئېرىپ يىغلاپ كەتتى. ياردارلارنى قوشۇن ئىچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۆلۈكلەرنى ئاپپاق خوجا مازىرىغا ئېلىپ چىقىپ كۆمۈپ دەپنە قىلدى. نائىلاج مۇھاسىرىدىن قولىنى تارتىپ ئەسكەرلىرىگە ئارقىسىغا يېنىشقا بۇيرۇق بېرىپ، بىر ھەپتە ئارام ئالغاندىن كېيىن، مۇھاسىرە ئىشىنى جاھانگىر خوجىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پايتەختى قوقەندگە قايتىپ كەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن ھەممە قىيىن ئىشلارنى ئاسان قىلغۇچى تەڭرىنىڭ رەھمىتى بىلەن جاھانگىر خوجا مانجۇ چېرىكلىرى تۇرغان شەھەرنى تارتىۋالدى. بۇ غالىبىيەت خەۋىرىنى مۇھەممەت ئېلىخانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالاھىدە خەت يېزىپ، نۇرغۇن سوغا ـ سالاملارنى قوشۇپ، ئىشەشلىك خىزمەتچىلەردىن قوقەندگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ جاھانگىر خوجا قەشقەر، يېڭىسار، ياركەن، مارالبېشىلارنى قولغا ئېلىپ، خوتەننى مۇھاسىرە قىلدى. ئاقسۇغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىپ، بەزىلىرى دەريادىن ئۆتتى. ئەتە تاڭ ئاتقاندا ئاقسۇنى ئالىمىز دەپ غەم تارتماي ئۇخلاشتى.

ئەمما بۇ چاغدا ئىچكىردىن ئۇرغۇن مانجۇ چېرىكلىرى ياردەمگە چىقىپ، ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. مانجۇ چېرىكلىرى ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقىپ، بىرلا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن جاھانگىر خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. نۇرغۇن مانجۇ چېرىكلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، قەشقەر، يېڭىسار، ياركەننى يەنە بىر قېتىم تارتىپ ئالدى.

مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ ئۇرغۇنلىقىنى بەزىلەر ئون تۈمەن (يۈز مىڭ)، بەزىلەر يىگىرمە تۈمەن (ئىككى يۈز مىڭ)، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا چىن خانلىقىنىڭ پايتەختىدە "داۋگاڭ" دېگەن ئولتۇرغان بولۇپ، پادىشاھلىق كۈچلۈك، قۇدرەتلىك خان ئىكەن. چېرىكلەرگە لازىملىق ئوق - دورا، قورال - ياراق، لازىمەتلىكلەرنى يۈكلىگەن ھارۋىدىن باشقا، ھۆل يېغىن بولۇپ ئوتتۇن تېپىلمىغاندا، ئەسكەرلەرگە تاماق پۇشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى يۈز ھارۋىغا ياغدا قورۇغان قوينىڭ مايىقىنى بېسىپ ماڭدۇرغان ئىكەن. بۇ مايالارنىڭ ئالدى قاراشەھەرگە، ئارقىسى تۇرپانغا كەلگەندە يەتتە شەھەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ بېرىش بىلەن مايالارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. چېرىكلەرنىڭ كۆپلىكىنى چىن خانلىقىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى شۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

كەينىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى ئاي جاڭجۇن دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇنى كۈچارلىق ئوسمان بەيسى بەگنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئازاق بەگ يول باشلاپ قەشقەرگە باردى. جاھانگىرخوجا قېچىپ "ئالاي" دېگەن يەرگە بارغاندا، ئازاق بەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ كەلدى. جاھانگىر خوجا ئىلاجىسىزلىقىدىن " قولۇمنى باغلاپ، مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار " دېدى. ئازاق بەگ " ئۆزلىرىنى باغلاش مېنىڭ ھەددىم ئەمەس " دەپ يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزرە ئېيتتى. بۇ چاغدا جاھانگىر خوجا قول ياغلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى ئۆزى باغلاپ " مۇشۇ ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ ئېلىپ بارغىن " دېگەندە، ئازاق بەگ ماقۇل بولۇپ جاھانگىر خوجىنى ئاي جاڭجۇنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. جاڭجۇن: "ئۇلۇغ چىن خانلىقىنىڭ دۈشمىنى جاھانگىر خوجىنى ئازاق بەگ تۇتۇپ كەلدى" دېگەن مەزمۇندا ئېلان چىقىرىپ جاكالىدى. ھەم "جاھانگىر خوجىنى بېيجىڭگە ئۆزەڭ ئېلىپ بېرىپ، ئۇلۇغ خانغا كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنى مەلۇم قىلىپ يان" دەپ ئادەم قوشۇپ ئازاق بەگنى يولغا سالدى.

بەزى رىۋايەتلەردە جاھانگىر خوجىنى بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىپ، خانغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، خان ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ۋاپات قىلدى، دېيىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە بېيجىڭگە بارغاندىن كېيىن، خاننىڭ ھوزۇرىغا بارغۇچىلىك ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى، دېيىلىدۇ.

ئىشەنچلىك رىۋايەت شۇكى: ئازاق بەگ جاھانگىر خوجىنى تۇتۇپ بېيجىڭگە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، چىن خانلىقى ئازاق بەگنىڭ ئۆزىگە " ۋاڭ " لىق، خوتۇنىغا " فوجىن " لىق مەنسەپ بېرىپ، يىلىغا ئۆزىگە يىگىرمە تۆت يامبۇ، خوتۇنىغا ئون ئىككى يامبۇ مۇئاش بەلگىلەپ، پەرمان چۈشۈردى. ئازاق بەگدىن كېيىن ئوغلى ئەھمەت ۋاڭ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئازاق بەگنىڭ ئەۋلادى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، قەنەدىن - قەنەگە ئۆزلۈكسىز ۋاڭ بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۇئاشنى ئېلىپ تۇردى. شۇ چاغدا ئازاق بەگ قەشقەرگە، ئوغلى ئەھمەت بەگ ئاقسۇغا ھاكىم بولغان ئىكەن.

مانجۇ چېرىكلىرى جاھانگىر خوجا ۋاقتىدا قەشقەردە مەنسەپ تۇتقان، ياكى خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، يەر، سۇ، مال ـ مۈلۈك، چارۋىلىرىنى بۇلاپ، ئولجا قىلىپ ئېلىپ كەتكەندىن تاشقىرى، ئون مىڭدىن ئارتۇق، ئوغۇل ـ قىز، كىچىك بالىلارنى ئولجا ۋە ئەسىر قىلىپ، بۇ تەرىپى ئىلى، ئۇ تەرىپى لەنجۇغىچە ئېلىپ بېرىپ، مانجۇلارنىڭ ئىشلىتىپ، خىزمىتىگە سېلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. بۇ ئەھۋالنى پادىشا مۇھەممەت ئېلىخان (قەبرىسى نۇرغا تولسۇن) ئاڭلاپ، " بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولغان بىز "دەپ بىلىپ، چىن خانلىقىغا قوقەند خانلىقى نامىدىن ئالىباي پاچچە باشلىق بىر نەچچە كىشىنى ئەلچى قىلىپ، تۇرغۇن سىرغا ـ سالام، تارتۇق پىشكەشلەر بىلەن ئەرزنامە يېزىپ ئەۋەتتى. ئەرزنامىدا : " ئۇلۇق چىن خانلىقىغا تىغ تارتىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى يوقۇتىلدى. كىچىك بالىلار ۋە ئاجىز خوتۇن كىشىلەردىن ھىچقانداق يامانلىق ئۆتمىگەن. شۇڭا بۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلەيمىز، يەنە بىرى يەتتە شەھەردىكى ئەنجانلىقلەرگە مەن " ئاقساقال " بەلگىلىسەم، بۇ ئاقساقال ھەمىشە تەكشۈرۈپ خەۋەردار بولۇپ تۇرسا، ئەگەر يەنە يامان ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالسا، دەرھال تۇتۇپ ماڭا ئەۋەتىپ بەرسە، جازاسىنى بەرسەم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ خاننى ئاۋارە قىلىدىغان ئىش بولمىسا " دىگەن مەزمۇنلار يېزىلدى. ئەلچىلەر ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن بېيجىڭگە يېتىپ بېرىپ، ئەرزنامىنى خانغا سۇندى. خان قوبۇل قىلىپ، ئەسىر قىلىپ مانجۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن، قېرى، ياش، ئەر ـ خوتۇن ھەممە كىشىنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇشنى ئەستىقلاپ يارلىق چۈشۈردى. ھەممە جايدىكى ئەسىرلەرنى مەنزىلدىن ـ مەنزىلگە، ئۆتەڭدىن ـ ئۆتەڭگە ئات ـ ئۇلاق، ئاش ـ تاماق بېرىپ، ئۆز ۋەتىنىگە يولغا سالدى. مۇشۇ ئارىدا تۆت يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ، مانجۇلار ئەمرىگە ئېلىپ بالا تاپقان ئىكەن. مۇشۇ بالىلارنىمۇ ئانىلىرى ئېلىپ، بىللە قايتىپ كېلىشتى.

ئەسىر قىلىنغان كىشىلەر غېرىپ ـ مۇساپىرلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ كەلگەنلىرىگە خوش بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىرلىكتە « نازۇگۇم » دىگەن ناخشىنى ئىجات قىلىپ، ناھايىتى مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن يول بويى ئوقۇپ مېڭىپتۇ. يىراقتىكى خالايىقلار ناخشىنى ئاڭلاپ، بۇلارنى كۆرگىلى كېلىشىپتۇ. چىداپ تۇرالماي يىغا ـ زارە قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ « نازۇگۇم » ناخشىسى ئەل ئارىسىغا تارقىلىپتۇ.

يەتتە شەھەردىكى ئەنجانلىقلەر ئۇستىگە ئاقساقال بەلگىلەش شۇچاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىجرا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاخىرى موھەممەت ئېلىخان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلۇشۇپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. ئورنىغا خۇدايارخان تەختكە چىقتى. بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر قىسىم پۇقرا ۋە توپىلاڭچىلار خۇدايارخاندىن يۈز ئۆرۈپ ئاكىسى مەللە خاننى تەختكە چىقاردى. خۇدايارخان بۇخاراغا قېچىپ كەتتى. تۆت يىلدىن كېيىن مۇللا ئالىم قۇل دىگەن قىرغىزنىڭ پادىشا بولغۇسى كېلىپ، ئەتراپىغا بىر مۇنچە قىرغىز، قىپچاقلارنى توپلاپ ئىشقا تېپىپ، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەللەخان ئۆلتۈرۈلدى. پەرغانە دۆلىتى كۈنىدىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلەندى.

ھىجرىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز يەتمىشىنچى يىلى ① تاشكەنت ھاكىمى قانائەت شاھ دېگەن تاجىكنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خۇدايارخاننى بۇخارادىن ئېلىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى.

جاھانگىر خوجا دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە قەشقەر، بەلكى يەتتە شەھەر چىن خانلىقىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. ئەمما شۇ ئارىدا ۋەلىخان تۆرەم كېلىپ قەشقەر شەھرىنى قورشاپ مۇھاسىرىگە ئالدى. يېزا ـ سەھرالارنى ئۆزىگە قارىتىپ، يامان ئىش قىلغان، خەلقنى ئەزگەن زالىملارنى ئۆلتۈرۈپ، كاپىر ۋە زالىم مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىنى قوشۇپ ئارىلاش قىلىپ، ئالتە جايغا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار قوپاردى. رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇ مۇنارنىڭ ئىگىزلىگى ئون گەز كېلەتتى، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن مانجۇ، قالماق چېرىكلىرى كېلىپ تارتىپ ئېلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنى قىرىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن كاتتا خان تۆرەم، كىچىك خان تۆرەملەر كېلىپ، قەشقەرنى ئۈچ ئاي قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئالالماي ئاخىرى ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتتى. بۇلارنىڭ قىسسە ھىكايىلىرىنى تەپسىلى بايان قىلسام سۆزۈم ئۇزۇرۇپ كېتىپ ئەسلى مەقسەتتىن يىراقلىشىپ كېتەرمىكىن دەپ، خاھىشىمنىڭ تىزگىنىنى مەقسەت يولىغا تارتتىم. ئۇلارنىڭ قىسسەسىدىن قايتتىم.

## خاقان چىننىڭ قەدىم زاماندا مۇسۇلمان بولغانلىغى، تۇڭگانلارنىڭ چىن مەملىكىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىغى، خەنزۇلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا جىدەل ـ ماجرا يۈز بېرىپ چىن دۆلىتىگە زىيان زەخمەت يەتكەنلىگىنىڭ ۋە مۇقەددىمىنىڭ تۈگىگەنلىگىنىڭ بايانى

ھىجرىينىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىرى②، يىلان يىلى سەۋرى پەسلىنىڭ ئاخىرى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى، شەنبە كۈنى كېچىسىدە، كۇچاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەرلىك تۇڭگانلاردىن ماشور ئاخۇن، مالوڭ شەمسىدىن خەلپىلەر باشلىق بىرمۇنچە تۇڭگانلار كوجە ـ شاڭ كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق يېقىپ ئىسيان كۆتەردى. كۇچاردا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مانجۇ ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، چىن خانلىقىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. ئالدى بىلەن تۇڭگانلارنىڭ چىن خانلىقىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقانلىقىغا باھانە بولغان بىر سەۋەپ ۋە بىر ئىشنى نەقلى قىلغۇچى ھەم رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزى بويىچە بۇ قەغەزگە يېزىشنى زۆرۈر تاپتىم. ئەمما ھەر ئادەم ھەر قىسمى نەقلى، رىۋايەت قىلىپ، مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئىچىدىن ئىشەنچلىك، ئەقلىغا سىغىدىغان توغرىراقلىرىنى تاللاپ ئېلىپ تۆۋەندە بايان قىلدىم.

①مىلادى 1854 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
②مىلادى 1865 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا، خاقان چىنىدە ئادالەتلىك ، پۇقراپەرۋەر " تاڭ ۋاڭ خان " دېگەن خان بولۇپ ، كېچىلەرنىڭ بىر كېچىسى چۈش كۆرسە ، خاننىڭ ئوردىسىغا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، ئوردىنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆگىشىۋېلىپ خاننى دەم تارتقىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ھالەتتە ئۈستىگە يېشىل چاپان كەيگەن، بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ، ھەيۋەتلىك بىر كىشى پەيدا بولۇپ، قولىدىكى ھاسا بىلەن ئەجدىھانى بىرنى ئۇرسا ، ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ ، ئۆلۈپتۇ. خان قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ . ئەتىسى ۋەزىر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ ، كېچىسى كۆرگەن چۈشىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ، تەبىرىنى سوراپتۇ. ۋەزىرلەردىن دانىراق بىرسى ـ " مۇشۇ كۈنلەردە قىبلە تەرەپتە خۇددى ئۆزلىرى چۈشلىرىدە كۆرگەندەك بىر كىشى پەيدا بولۇپ ، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىۋاتقانىمىش ، كۆرگەنلىرى شۇ كىشى بولغاي، تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتسەك» دەپتۇ . خان قوشۇلۇپ نۇرغۇن تاۋار ـ دۇردۇن، چاي، سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلاپ، ئەمەلدارلار ئىچىدىن قابىلىيەتلىك ، ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى باشلىق قىلىپ ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش يول راسخودى بېرىپ ، تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ . بۇلار يۇرتمۇ ـ يۇرت، شەھەرمۇ-شەھەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى خان چۈشىدە كۆرگەن سۈپەتتىكى كىشىگە يەنى ئاخىر زاماننىڭ پەيغەمبىرىگە (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا) ئۇچرىشىپ، ۋاقەنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى سەۋەپ ـ مەقسەتلىرىنى ئېيتىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرى ئاخىر زامان بىر پارچە خەت يېزىپ، خاقان چىنىدىن كەلگەن كىشىگە بېرىپ "سىزگە رۇقسەت، ئەمدى قايتىپ كېتىڭ» دەپتۇ. بۇ كىشى ئېيتىپتۇكى "مەن ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن ئىدىم» ـ دەپتۇ. پەيغەمبىرى ئاخىر زامان جاۋاپ بېرىپ " سىز مۇشۇ خەتنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ ، يولدا ئاچماڭ. پادىشايىڭىز ئۆز قولى بىلەن ئاچسۇن . شۇ چاغدا مەن ھازىر بولىمەن " دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاقان چىنىدىن كەلگەن كىشىلەر قايتىپ، بىر مۇنچە ۋاقىت يول يۈرۈپ، بىر يەرگە كەلگەندە، شەيتان ئازدۇرۇپ، خەتنى ئېچىپ كۆرۈشكە قىزىقتۇرۇپتۇ. ئاقىۋەت شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، خەتنى شۇنداق ئېچىشىغىلا خەتنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبىرى ئاخىر زامان چىقىپ، غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى شۇنداق رۇشەن كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى پۇشايمان قىلىپتۇ. ئەمما ئورنىغا كەلمەپتۇ. خەتنى ئەسلىدىكىدەك يەھلەپ، خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، كۆرگەن ـ بىلگەن ۋاقەلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپتۇ. خان خەتنى ئېلىپ ئېچىپ كۆرسە بۇ خەتچىن چە ( خەنزۇچە ) يېزىلغان ئىكەن .خان ھەيران قىلىپ " بۇ خەتنى كىم يازدى؟» دەپ سوراپتۇ. خەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشى " بىلمەيمەن» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. دەرۋەقە بۇلار خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدى. خان : " خەتنى كىم ئاچتى ؟ راستىنى دېسەڭ گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن ، يالغان ئېيتساڭ ھەرگىز تىرىك قويمايمەن " دەپتۇ. بۇ چاغدا ئىلاجسىزلىقتىن خەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشى راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئادالەتلىك پادىشا " گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم ، ئەمما قىلغان گۇناھىڭ ئۈچۈن يەنە بېرىپ، يا ئۆزىنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەل ، يا باشقىدىن خەت ئېلىپ كەل " دەپ ئەمرى قىلىپ قايتا يولغا ساپتۇ. بۇلار يەنە بىرمۇنچە ۋاقىت يول مېڭىپ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ يېتىپ بېرىپ، پەيغەمبىرى ئاخىر زامان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پەيغەمبىرى ئاخىر زامان كۆرۈپلا "شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، پادىشايىڭغىمۇ قىلدىڭ» دەپتۇ ھەم "پاس» ،"قاس»

«ئاس» ناملىق ئۈچ نەپەر ئۇلۇغ كىشىنى بەلگىلەپ، يەنە يەتتە كىشىنى ئۇلارغا ھەمرا قىلىپ، جەمئىي ئون كىشىنى خاقان چىننىڭ ئەلچىلىرىگە قوشۇپ يولغا ساپتۇ. ئۇلار يۇرتمۇ - يۇرت، شەھەرمۇ - شە- ھەر يول يۈرۈپ، دەشتى باياۋانلارنى كېزىپ «جايۇگۇەن» گە يېتىپ كەلگەندە «پاس» دېگەن كىشى ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىپتۇ. مازىرى ھېلىمۇ بار. جايۇگۇەندىن ئۆتكەندىن كېيىن «ئاس» دېگەن كىشى ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ. مازىرى ھېلىمۇ مەشھۇر.

خاقان چىننىڭ ئەلچىلىرى «قاس» دېگەن كىشى بىلەن قوشۇلۇپ، قالغان سەككىز كىشىنى ئېلىپ، خاننىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارغاندا، خان ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بى- لەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئەمما «مەن تەكلىپ قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى كەلمەپتۇ» دەپ خاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپتۇ. ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇش - بولماسلىق ئۈستىدە ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. خاننىڭ ئون ئىككى ۋەزىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇسۇلمان بو- لۇشقا قوشۇلۇپ، بەزىلىرى قوشۇلماپتۇ. ئەمما خاننىڭ ئۆزى ۋەزىرلىرىدىن يوشۇرۇن ئىمان ئېيى- تىپ مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە ئىگە بولۇپتۇ. ئېلىپ كەلگەن سەككىز كىشىنىڭ تىلىنى چىن خەلقى بىلمەي، چىن خەلقىنىڭ تىلىنى بۇ سەككىز كىشى بىلمەي ناھايىتى تەڭلىكتە قېلىپ، بۇ ئازغىنە ئادەم غېرىبسىنىپ قاپتۇ. خان — «قەيەردىن بولمىسۇن بۇلارنىڭ تىلىنى بىلىپ، ئۆلپەت بولىدىغان ئادەم تېپىپ كېلىڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. خاننىڭ ئىشەنچلىك بىر ئادىمى خەنزۇ خەلقىدىن سەكسەن ئۆيلۈك كىشىنى ئېلىپ سەمەرقەنت دۆلىتىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن سەكسەن ئۆيلۈك ئادەمگە قىرىق نەپەر مۇسۇلماننى تىگىشىپ ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى سەككىز كىشى قوشۇلۇپ، قىرىق سەككىز نەپەر كىشى بوپتۇ.

سەمەرقەند پادىشاھى ھېلىقى سەكسەن ئۆيلۈك ئادەملەرگە كەڭرى بىر يايلاقنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ، كۈندىن - كۈنگە ئەۋلادى كۆپىيىپتۇ. خەنزۇ قىپچاقلىرى (تۇڭگانلار) شۇلارنىڭ ئەۋلادى دەپ رىۋايەت قىلىنىشىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبىرى ئاخىر زامان ۋاقتىدا سەمەرقەند دۆلىتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان، ئەمما شۇ چاغدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ پەيغەمبىرى ئاخىر زامانىنىڭ شەرىئەتلىرىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىۋاتقان بىر ئۇلۇغ كىشى بار ئىدى. تۇڭگانلار شۇ كىشىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، پەيغەمبىرى ئاخىر زامانىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ بار ئىدى، دېيىلىدۇ.

يەنە بىر راۋايەتتە، پۈتۈن تۇڭگانلار يۇقۇردا بايان قىلىپ ئۆتتۇلگەن قىرىق سەككىز نە- پەر كىشىنىڭ ئەۋلادىدىن تارالغان. يۇرت - يۇرت، شەھەر - شەھەرلەردىكى خەنزۇ خەلقى يو- شۇرۇن ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان. ئەمما تۇڭگانلار ئىسلام دىنىنى تاش- لاپ، بالدۇرقى خەنزۇ دىنىغا قايتمىغان. شۇڭلاشقا تۇڭگانلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ؛ دېيىلىدۇ. ھەقىقى ئەھۋالنى بىلگۈچى تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر.

بەخت دۆلەتلىك خاقان چىن مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن «ھەر كىشى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولسىمۇ ئىختىيارى، ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ دىن - يوسۇن-

لىرىدىن چىقمايمىز دەپ مۇسۇلمان بولمىسىمۇ ئىختىيارى » دەپ يۇرت ـ يۇرتقا ، شەھەر ـ شەھەرگە يارلىق چۈشۈردى .

خاقان چىڭنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان قائىدە ـ قانۇنى شۇنداق ئىدىكى، ئەۋە پۇقرالىرى قايسى دىندا بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئىشى يوق بولۇپ، ئۇلارنى ئۇ، ياكى بۇ دىنغا تەكلىپ ۋە دەۋەت قىلمايتتى . ھەركىم ئۆز دىن ، ئۆز مىللىتىدە مەھكەم تۇرۇپ يۇردۋەرسە بولاتتى .

خاقان چىن ئۆز دۆلىتىگە كەلگەن مۇسۇلمان مۇساپىرلارنى رام قىلىپ ، بېيجىڭدە تۇرۇپ قېلىشقا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ، نۇرغۇن ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرىلارنى يىغىپ، ئۆز رەسمى ـ قائىدىسى بويىچە چوڭ ئويۇن ـ تاماشا ئۆتكۈزۈشكە يارلىق چۈشۈردى . مۇسۇلمانلارغا بولسا « مۇشۇ ئويۇن ـ تاماشاغا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك،خوتۇن ـ قىزلاردىن قايسىسى سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارگە ياقسا شۇنى سىلەرگە بۇيرۇپ بېرىمىز. ئەگەر سىلەرگە يارىغاننىڭ ئېرى،ياكى بالىسى بولسىمۇ رۇئايە قىلمايمىز » دەپ ئەمىر قىلدى. مۇسۇلمانلار خاننىڭ ئەمرى بويىچە كۆڭلىگە ياريغاننى ۋە ئۆزى خالىغاننى تۇتتى . ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، ئۆي تۇتۇپ، ئولتۇراقلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار « تۇڭگان » دەپ ئاتالدى. لېكىن ئېرى بار ئايال ، يېشى كىچىك قىزلارنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانلىقىغا خەنزۇ پۇقرالار نارازى بولۇپ، بۇلار «سۇ خۇي-خۇي » ئىكەن دېدى . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «يۈزى يوق » ( يۈزسىز ) دېگەن بولۇپ، شۇندىن تارتىپ خەنزۇلار بىلەن تۇڭگانلار جېدەل ـ ماجرا قىلىشىپ قالسا « سۇ خۇي-خۇي » دەپ،دەشنام،ھاقارەت قىلىدىغان بولدى. ئەللىك خەنزۇ پۇقرانى بىر تۇڭگان بىلەن تەڭ كۆرەتتى. بىر تۇڭگان ئەللىك تۆرلۈك گۇنا ئۆتكەزمىگىچە جاۋابكارلىققا تارتىمىدى. تۇڭگانلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ، خەنزۇلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى تۇڭگانلارغا ئاشۇنداق خاتىرە ـ رۇئايە قىلىنغانلىقتىن بولدى.

خان بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى . ئورنىدا ـ خانلىق تەختىدە ـ ئوغلى ئولتۇردى. بىر نەچچە ئەۋلادقىچە ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجى بىلەن ئۆتتى. ئەمما ئاخىرىغا كېلىپ، خان توغرا يولدىن ئېزىپ، ئەسلىدىكى دىنىغا يېنىپ كەتتى ، قاسىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى، مازىرى مەشھۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قەنە، بىر نەچچە يۈز يىل ئۆتكىچە تۇڭگانلەر ئەركىن ئۆتتى. كېيىنكى چاغدا «شى نى فۇ» دېگەن ۋىلايەتنىڭ كىچىكرەك شەھىرىدىكى تۇڭگانلار مەدرىسكە ئوخشاش خانىقا بىنا قىلىپ،بىر مۇنچە بىنام زېمىننى خاندىن سوراپ ئېلىپ، سۇ چىقىرىپ ئاۋات قىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇپ،خانىقاغا ۋەخپى قىلدى. ھوسۇلىنى شۇ مەدرىستە ئوقۇغان تالىپلارغا بەردى. بۇ ۋەخپى يەرگە تېرىغان زىرائەتلەرگە خەنزۇلارنىڭ توڭگۇزلىرى كىرىپ يەپ بۇزۇپتۇ، بىر نەچچە قېتىم ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. جېدەل ـ ماجرالارمۇ بولۇپتۇ. ئاخىرى بۇغداينى خامان قىلىپ، يۇمشۇتۇپ چەچ قىلغاندا، يەنە توڭگۇزلار كىرىپ، چەچنى يەپتۇ. توڭگۇزنىڭ ئىگىسى خەنزۇلار بىلەن تۇڭگانلار ماجرا قىلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپتۇ. توڭگۇز ئىگىسى خەنزۇغا يەنە بىر مۇنچە خەنزۇلار ھامى، يار ـ يۆلەك بولۇپتۇ. تۇڭگانلارغا مەدرىستە ئوقۇۋاتقان تالىپ تۇڭگانلار ھامى، يار ـ يۆلەك بولۇپ، جېدەل چوڭىيىپتۇ.ۋەقەنى شەھەر باشلىقى ئاڭلاپ جېدەلنى پەسەيتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ كاتتىسىغا مەلۇم قىلىپ، مۇنداق

دەپ خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. "بۇ ۋەخىپ يەرنى نەچچە يىلدىن بېرى تېرىپ، ھوسۇلىنى ئالدى. ئەمدى يەرنى خان بىجىغا ھىساپلاپ ئېلىپ، سېتىپ پۇلىنى خەزىنىگە ئالساق". بۇنىڭغا كاتتىسى قوشۇلۇپتۇ. يەرنى ساتمىدىغان بولۇپ، ئۈستىگە ئادەم چىقىپ ئۆلچەپ، نەرق توختىتىۋاتقاندا مەدرىستىكى موللىلار ۋە تۇڭگانلار قوزغۇلۇپ چىقىپ، يەر ساتقىلى چىققان مەنسەپدار ۋە خىزمەتچىلەرنى قوغلاپ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش - جەڭ بولۇپتۇ. تۇڭگانلار گۇرۇھى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىچىدە "مافۇلۇڭ" دەپ بىر ئاتاغلىق ئۆلۈماسى بار ئىكەن. ئۇنى "خان" لىققا تايىن قىلىشىپتۇ. "چىڭجۇفۇ" دىگەن كاتتا بىر شەھەرنى بىنا قىلىپ، خاننى شۇ شەھەردە پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر تەرەپكە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپتۇ.

بۇ چاغ خاقان چىنىنىڭ مەملىكىتىگە ئېنگىلىز - نىسارالار تاجاۋۇز قىلىپ كېلىپ، بىرما ۋىلايىتى ۋە يەتمىش ئىككى شەھەرنى بېسىۋېلىپ ۋەيران قىلغان. بىر تەرەپتە «ئۇسۇكۇي چەن موزا» خانلىق تالىشىۋاتقان، بىر تەرەپتە تۇڭگانلار جىدەل چىقىرىۋاتقان ۋاقىت ئىكەن. ئاقىۋەت تۇڭگانلار چىڭجۇفۇدا تۇرالماي، چەت ياقا - يۇرتلارغا كېتىشنى مەسلىھەت قىلىشىپ، غەرپ تەرەپكە يۈزلەندى. بۇ ئىش خانغا مەلۇم بولۇپ، خان غەرپ تەرەپتىكى ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا "نۇرغۇن تۇڭگانلار بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ نەسىھەت قىلسا قىمۇ ئۇنىماي، ئىستائىتتىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىبى ۋە بىشەدەپلىگىدىن قورقۇپ تۇرالماي، غەرپ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ تەرەپكە بارسا، شۇ ۋىلايەتلەردىكى تۇڭگانلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ پۇقرالارغا زىيان كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بار، مۇشۇ يارلىقنى كۆرگەندىن كېيىن شەھەر - شەھەرلەردىكى تۇڭگانلارنى ئۆلتۈرۈپ، يوقۇتۇپ ماڭا ئۇچىرىنى بېرىڭلار." دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئىلىنىڭ جاڭجۇنى (گېنىرالى) بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ھەيران بولۇپ، مەسلىھەت قىلىشىپ "بۇ تۇڭگانلار تولا خەلق، خۇي - پەيلىمۇ باشقىچە بولۇپ قالدى. خاننىڭ يارلىغىنىڭ ئازراقلا پۇرىغىنى ئالسا، بىز ئاخشامدا يوقىتىمىز دېگەنچە، ئۇلار ئەتتىگىنى قوزغىلىشى مۇمكىن. ئىچكىرىدىن كېلىدىغان تۇڭگانلارنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن. ئۇنىڭغىچە تۇڭگانلارنىڭ باشلىقلىرىنى قىچقىرىپ كېلىپ، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن پەندى نەسىھەت قىلىپ توختام تۈزۈشسەك ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ پۇقرادارچىلىقىنى قىلىدۇ" دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى قىچقىرىپ كېلىپ، زىياپەت بېرىپ، پەندى نەسىھەت قىلدى. ھەم ئەھدى - پەيمان، ۋەدە - توختاملار تۈزۈشتى. لېكىن تۇڭگانلار خاتىرجەم بولالماي كېچىلىرى ئۇخلىمىدى. مازارلاردا تۈنەپ، نەزىرە قىلىپ، بىر ئايدا بىر قېتىم غۇسلى تاھارەت قىلمايدىغانلىرىمۇ ھەر كۈنى نەچچە قېتىم غۇسلى - تاھارەت قىلىپ، كۈندىن - كۈنگە غەم - ئەندىشىسى كۆپىيىپ كەتتى.

جاڭجۇن تۇڭگانلارنىڭ خۇي - پەيلىگە قاراپ، خاننىڭ يارلىغىنى ئىجرا قىلماقچى بولۇپ، شەھەر - شەھەرنىڭ ئامبال (شەنجاڭ - ھاكىم) لىرىغا "پالانى كۈن، پالانى سائەتتە تۇڭگان تايىپىسىنى قەتلى - ئام قىلىپ ئولتۇرۇڭلار" دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئۈرۈمچىدە سودا لويى دىگەن تۇڭگان مانجۇلار ئىچىدە مەنسەپدار بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆتەڭدە كاتىپ ئىكەن. بۇ كاتىپ قەتلى - ئام قىلىش بۇيرىغىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، دادىسىغا خەۋەر بېرىپتۇ. دادىسى شەھەر - شەھەرلەردىكى تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىغا جاڭجۇننىڭ بۇيرۇ-

ىنىڭ مەزمۇنىنى مەلۇم قىلىپ خەت ئېۋەتىپ، جاڭجۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. سودالويىنىڭ
خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن تەڭ كوچىدىكى تۇڭگانلار بۇزۇلۇپ، مانجۇلار ئولتۇراقلاشقان جايغا
ئوت قويۇپ، مانجۇلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

خاقان چىننىڭ دۆلىتىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگىنىنىڭ يەنە بىر سەۋەپلىرى ھەققىدە مۇنـ
داق نەقلى ـ رىۋايەت قىلىدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ خانلىق زامانىدا خاقان چىن مەملىكىتى ناھايىتى تىنچ ، ئاۋات ، مەمۇرـ
چىلىق بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىڭ فۇخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، زاۋاللىققا يۈز
تۇتتى. پەرەڭلەر نۇرغۇن شەھەرلىرىنى ئېلىپ، تاراچ ـ پارات قىلىپ،خوجايىن بولىۋالدى. يەنە بىر
تەرەپتىن قارا خىتايلار خانلىق تالىشىپ،خاقاندىن يۈز ئۆرۈپ،جەڭگى ـ جېدەل توختىمىدى.تۇڭگانـ
لار ئۆز ئىچىدىن خان تەيىنلەپ خاقان چىنغا بويسۇنمىدى. ئەتراپلاردىكى خوشنا پادىشالارمۇ ھەر
بىرى بىر تۈرلۈك سۆز پەيدا قىلىپ،خاقان چىننى ئارامىدا قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن خاقان چىن
مەملىكىتى ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ بېشىدىن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

خاقان چىن بۇ تەرەپتىكى شەھەرلەرنى كوۋەي (قاپقانىڭ سىرتى) دەپ ئاتايدىكەن. يۇقۇرـ
قىدەك پاراكەندىچىلىك بىلەن كوۋەيدىن خەۋەر ئالالمىدى. بەلكى كوۋەيگە تەۋە يۇرتلاردىكى مەنـ
سەپدار چېرىكلەرگە "مۇنىڭدىن كېيىن 'كولىياڭ' يەنى تەمىنات ئېۋەتەلمەيمەن. نەچچە
يىللاردىن بېرى، خەزىنىدىن تەمىنات ئەۋەتىپ بېرىپ، نۇرغۇن خەزىنىلەرنى
سەرپ ئېتىپ، كوۋەيدىكى مەنسەپدار ـ چېرىكلەرنى باقتىم. ئەمما خەزىنىگە ھېچـ
قانداق مەنپەئەت ـ پايدا يەتمىدى. كوۋەينى تاشلاپ قايتىپ كېلىڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈردى.
ئەمما بۇ تەرەپتىكى مانجۇلارنىڭ چوڭى جاڭجۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭى،قۇمۇل ۋېڭى ئەھمەتۋاڭ
بەگ قاتارلىق كاتتا مەنسەپدارلار مەسلىھەت قىلىشىپ ، خانغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئەرز بەردى:
"بۇ تەرەپتىكى شەھەرلەرگە ئۇلۇغ خانىنىڭ خەزىنىسىدىن تەمىنات كەلمىسىمۇ، كان تېپىپ، ئۆز
كۈچىمىز بىلەن ئالتۇن ، كۈمۈش، مىس كولاپ،چېرىكلەرنى باقىمىز. بىز ئاتا ـ بوۋا ئەجداتـ
لىرىمىزدىن تارتىپ، ئۇلۇغ خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ،دۆلىتىنى كۆرگەن. يارلىققا ئەمەل قىلىپ
(كوۋەينى) تاشلاپ كەتسەك،ئۇلۇغ خاقان چىننىڭ شەنىگە ئوبدان بولماسمىكىن» ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە خان ماقۇل كۆرگىدەك بىر مۇنچە سۆزلەرنىمۇ كىرگۈزدى. ئەرزىنى خاقان چىن كۆرۈپ:
"جونلى قىلدىم. (تەستىقلىدىم) ئانداق بولسا ئۆزۈڭلەر كان تېپىپ چېرىكلەرنى بېقىڭلار. ئۇششاق
پۇقرالەرگە جەبرى ـ زۇلۇم بولىدىغان ئىشنى زادى قىلماڭلار» دەپ يارلىق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
تەڭ شەھەر ـ شەھەردىكى مەنسەپدارلار تاغمۇ ـ تاغ، دەشتمۇ ـ دەشت كان ئىزدەپ، پۇقرالارنى
ھاشا قىلىپ ئېلىپ بېرىپ،تاغ باغرىلىرىنى ساچقان تەشكەندەك ھوتمۇ تۆشۈك قىلىۋەتتى. ئەمما كان
تاپالمىدى. تاپسىمۇ پۇقرالارغا ناھايىتى جەبرى- جاپا بولۇپ كەتتى. ئىشلىگەنلەرگە ھەق بەرمىدى.
ئاخىرىدا چىققان كانلارمۇ خاراپ بولدى. نەچچە تۈرلۈك باج پەيدا بولۇپ، تۈز پۇلى دەپ ئالـ
دى. ھەر ئايدا ئادەم بېشىغا چوقا پۇلى دەپ ئالدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، ئالۋاڭ ـ ياساق كۆپىيىپ،تىنچلىق ۋە ئاراملىق يوقالدى. پۇلى بار كىشىـ
لەر ئىلاجىسىزلىقتىن مانجۇلارغا ۋە كاتتا بەگلەرگە پارا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. پۇـ
تۈن ئالۋاڭ ـ ياساق پۇلى يوق، بىچارە، غېرىپ ـ غۇرۋالارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلار كۆتۈرەلـ

مەي يەر - سۇ، ئۆي - ۋاقى. سەرەمجان، چار پايلىرىنى خەنزۇلارغا گۆرە قويۇپ، كۆزلىرىدىن
ياش تۆكۈپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ يىغا - زارى قىلىشتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەردىكى چىرىكلەر داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، مەنسەپدارلارنىڭ
ئىشىكىگە كېلىپ: «بىزلەرنىڭ مائاش، ئەمناتلىرىمىزنى بەرسۇن، بولمىسا يۇرتىمىزغا قايتىپ
كېتىمىز، ياكى مەنسەپدارلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ - تالايمىز» دەپ غەلۋە قىلدى. مەنسەپدارلار
غەمگە چۆشۈپ ئۆزىدىن قورقۇپ «ھەر قانداق پۇلى بار ئادەم كۈمۈش پۇل سوغا قىلسا مەنسەپ
بېرىمىز» دەپ، بازار - كوچىلەرگە ئېلان چاپلىدى. بۇنى كۆرۈپ بەزى بېخىل، تۇراقسىز ئادەملەر
مەنسەپ تاما قىلىپ، پۇل بېرىپ ئەمەل تاپتى. خەلق - پۇقرالار زۇلۇم - جاپا تارتتى. ھەر قانـ
داق نامى نىشانى يوق، ئوغرى - قىمارۋازلار، سەرگەندارلار بولسىمۇ، پۇل بەرسە ئۇنىڭغا مەنسەپ
بەردى. پۇقراغا ۋابال بولىدىغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرمىدى. جەبىرى-زۇلۇم كۈندىن - كۈنگە زىيادە
بولدى. مانجۇ مەنسەپدارلىرىغا ئەرز بەرسە «چانتۇ (يەرلىك خەلق - ئۇيغۇر) نىڭ ئىشىنى ھاكىم
بەگ بىلىدۇ» دەپ سورىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم قورقۇپ ئەرز بەرمىدى. تۇڭچى - تىلماچلار
دەللالغا ئوخشاش مەنسەپنى سودىلىشىپ باھا قويۇپ، ئاشكارا كۈمۈش پۇلغا ساتىدىغان بولدى.
بۇرۇندىن تارتىپ خاقان چىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئاتا-بوۋا، ئەجدادلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ
ئابروي تاپقان بەگ ۋە بەگزادىلەر خار بولۇپ ئېتىۋارسىز قالدى.

مۇنداق نەقلى رىۋايەت قىلىدۇ: يەركەنگە ئەپىردون ۋاڭ بەگ ھاكىم، بىلى مۇھەممەت ئىمىن
ۋاڭ بەگ ئىشكاغا ئىدى. بىر كۈنى قويۇپ ئەپىردون ۋاڭنى يەركەنىنىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىۋېتىپ،
خوتەنلىك رۇستەم بەگدىن ئىككى مىڭ يامبۇ ئېلىپ، يەركەنگە ھاكىم قىلدى. رۇستەم بەگ دىگەن
مۇھەممەت ئىمىن ۋاڭنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى
ئورنىدىكى ئادەم ئىدى. پۇل بەردى دەپ ۋاڭنىڭ ئۈستىگە ھاكىم قىلىپ، ۋاڭنى ئىشكاغالىق مەنـ
سەپكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا مۇھەممەت ئىمىن ۋاڭ ئار - نومۇس قىلىپ، «مۇنداق تىرىكلىكتىن
ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ ئۆزىنى ھالاك قىلدى.

كۈچارلىق ئازاق بەگ ۋە ئەھمەت ۋاڭ بەگلەرنىڭ ئالدىدا خىزمەتكار بولۇپ كەلگەن كۈچار-
لىق قۇتلۇق بەگ قەشقەرگە ھاكىم بولدى. ئىنىسى سايىت بەگ بىر مىڭ بەشيۈز يامبۇ بېرىپ،
ئاقسۇغا ھاكىم بولدى. بۇرۇنقى بەگلەر بىكار بولدى. بىكار پۇقرالار بەگ بولۇپ يۇرت سورىدى.
ياخشى - يەرلىك كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىدى. پۇقرالارنىڭ كۆز يېشىدىن ئېھتىيات قىلماي،
«ئۇۋال بولا» دىگەننى يادىغا كەلتۈرمىدى. مەنسەپ، ئارزۇ - ھەۋىسىنى ۋە بەرگەن پۇل كۈمۈش-
لىرىنى ئوندۇرۇپ ئېلىشنىڭ غېمىدىن باشقىسى خاتىرىگە كەلمىدى. كۆرۈنۈشتە ئۇلۇغ خانغا خىزمەت
قىلىپ، چىرىكلىرىنى بېقىپ، يۇرتقا ئىگىدارچىلىق قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ بىخ-
يىلتىزىنى كېسىپ قۇرۇتۇشقا سەۋەپ بولدى. يەرلىك ياخشى كىشىلەر، بەگزادە ئېسىل ئادەملەرچەتكە
چىقىپ، بۇلۇڭ-پۇچقاقتا قالدى. ئاجىز پۇقرالارنى-ئاتىنى بالا بىلەن، بالىنى ئاتا بىلەن قويۇشتۇرماي، ئال-
ۋاڭ-ياساق، ھاشاغا ھەيدىدى. ئاجىز پۇقرالارنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي، پۇلنىڭ ۋە جاننىڭ ئاچچىـ
قىدىن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ، كۆزلىرىدىن قەترە-قەترە بەلكى دەريا-دەريا ياش ئاققۇزدى. بۇنداق
ئاچچىق ياش، دۆلەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا تەسىر قىلىپ، قۇرۇشىغا سەۋەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا
بارماي، كاتتا مانجۇ مەنسەپدارلىرى ۋە يۇرتنىڭ ھاكىملىرى زاۋال تېپىپ، يەر بىلەن يەكسان
بولدى. مەۋلانە جالالىدىن رومىنىڭ ئېيىتقانلىرى يۇقۇرقى ئىشلارنىڭ راستلىقىغا گۇۋا بولالايدۇ.

## مەسنەۋى

تا دىلى مەردى خۇدا نايەد بەدەرد

ھىچ مەردىرا خۇدا رەسۋا نىكەرد①

دىگەندەك، بىرەر دىلى ئاگا، غەپلەتتە ئەمەس كىشىنىڭ سەھەر قوپۇپ قىلغان نالە - پەريادى، ئاھۇ - زارى ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى رەھىمى، شەپقەتلىك ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئىجابەت بولغان بولىشى مۇمكىن. پۈتۈن ئالەمنىڭ تەڭرىسى ئۆز كۈچ قۇدرىتى بىلەن "پادىشالىق تاجىنى خالىغان كىشىنىڭ بېشىغا قويىدۇ. خالىسا ئېلىۋېتىدۇ» دىگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۆزىگە خاس سۈپىتىنى ئاشكارا قىلغانلىقتىن، بۇ موغۇلىستان شەھەرلىرى نام - نىشانسىز مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولىشى مۇمكىن.

توختالىغۇسى يوق، ۋاپاسىز پەلەك، ئۆزىنىڭ رەڭۋازلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ھېممىشە بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى پەس ۋە خار قىلسا، يەنە بىر گۇرۇھ خەلقنى ئۈستۈن ۋە ئېزىز قىلىدۇ. ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر بۇنداق ئاجايىپ ئىشلاردىن تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، چۇڭقۇر نەزەرلىرى بىلەن قاراپ، ئىبرەت ئېلىپ، ئىزىلگۈچىلەرنىڭ كۆز يېشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاجىز، بىچارىلارنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يېتىپ، ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنداق كىشىلەرگە كاتتا ئەجرى بېرىدۇ. كىشىلەرمۇ چىرايلىق نام، ياخشى سۈپەت بىلەن ماختايدۇ. "ئادىللىق بىلەن قىلىنغان بىر سائەتلىك ئىش، پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ قىلغان ئىبادىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ». بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ئىبادەتنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ، كاتتا ساۋابىغا پەقەت پادىشا، ھاكىم، يۇرت چوڭلىرىلا مۇيەسسەر بولالايدۇ. باشقىلارنىڭ مۇيەسسەر بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلۇغ تەڭرىم، ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن پادىشا، ھاكىم، يۇرت چوڭلىرىغا ئىنساپ ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئادالەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، زۇلۇمنىڭ دەرۋازىسىنى ياپقىن. ئىككى ئالەم پەيغەمبىرىنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن ئامىن.

(داۋامى بار)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت زۇنۇن سىدىق.

①كىشىنىڭ دىلى بۇزۇق بولمىسىلا، تەڭرى رەسۋا قىلمايدۇ.

# غازى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا

ئابدىرېھىم ئىسمايىل

يېقىندا ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر قولىيازما كىتابتىن «غازى» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ 21 پارچە شېئىرىنى كۆرۈپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ شېئىرلار قەدىمقى شەرقنىڭ دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسىگە ئاساسەن ئالپاۋىت تەرتىۋى بويىچە ۋاراققا ئېلىنىپ «ت» تاۋۇشى بىلەن قاپىيەلەنگەن غەزەللەردە توختاپ قالغان. شېئىرلارنىڭ ھەرپ تەرتىۋى بويىچە كۆچۈرۈلگەنلىكىگە قارىغاندا، غازى شېئىرلىرىنىڭ ئەسلىدە مۇكەممەل بىر دىۋان ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. قولىيازما خەت - ئىملا جەھەتتىنمۇ توغرا، شۇنداق چىرايلىق، نەپىس بولۇپ، ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئۈلگىسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئاپتورغا كەلسەك، غەزەللەرنىڭ باش - ئاخىرى بولمىغانلىقتىن شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ كىملىكى، قاچان ياشىغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىدى. لېكىن ئۇنىڭ تۈركى شېئىرلارغا خۇشتار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان پىكىرلىرىدىن ۋە خوتەن دەشتىسىنى تىلغا ئېلىپ سېغىنىشتۇرما قىلىشتىن قارىغاندا، ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

غازى غەزەللىرىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىياتنىڭ قىزغىنلىقى، تىلىنىڭ گۈزەل، نەپىس بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىز شائىر قەلىمىنىڭ خېلىلا پىششىپ يېتىلگەن كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

غازى غەزەللىرىنىڭ ئومۇمى تېمىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، دوستلۇق، مۇھەببەت قاتارلىق تەرەپلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، شائىر ئۇنى ئىجابى تەرەپتىن ئىزاھلاپ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلغار قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ.

5 - غەزەلدە:

غازىيا ئەسكى ھىممەر ۋە ئاھى سەردۇداغى دىل
تەختى دارا، تاجى جەمشىد، خىسرو ۋە جەمدۇر ماڭا

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ تۇرغان جايىدا كەمبەغەللىك، غەم - مۇشەققەتتە ياشىسىمۇ، بۇنى قەدىمقى ئىران پادىشالىرىدىن دارانىڭ تەختى، جەمشىدنىڭ تاجى، كەيخىسراۋنىڭ يىققان باي - لىقىدىن ۋە شان - شەۋكىتىدىن ئەلا كۆرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىزهار قىلسا

8 - غەزىلىدە:

ھەجرى دەردىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، مۇشكۇل ئېرور،
قان يۇتۇپ، مېھنەت چېكىپ، ئۆلمەكلىك ئاساندۇر ماڭا.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، ۋەتەنىدىن — سۆيگەن ياردىن ئايرىلماسلىق ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ.

18 - غەزىلىدە:

باغ ئارا شەمشاد ئەيلەر دەئۋى - يۇ، ئازادەلىق،
بەردى قول قۇل بولغىلى سەرۋى خارامانىڭ كۆرۈپ.

بۇ مىسرالاردا شائىر شەمشات ۋە سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ قامىتى بىلەن يار مەھبۇبىنىڭ سىياقىنى سېلىشتۇرما قىلىپ، ۋاپادارلىق، چىن مۇھەببەتكە بولغان چوڭقۇر ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

تېپىلغان 21 پارچە غازى غەزىلىنىڭ توققۇزى تۈركى (ئۇيغۇر تىلى) بىلەن، ئون ئىككى - سى پارس تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كاتىپ ئىككى خىل تىلدا يېزىلغان بۇ شېئىرلارنى ئار - لاش كۆچۈرگەن. شائىرنىڭ شېئىرنى تۈركى تىلىدىلا ياخشى يېزىپ قالماي، پارس تىلىدىمۇ ياخشى يازالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت — ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە بىلىم ۋە تەرجىمە ئىشلى - رىدا يېتىشكەن، قابىلىيەتلىك ئالىم ۋە شائىر ئىكەنلىكىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا نامى ھازىرغىچە مەلۇم بولماي كەلگەن بۇ شائىرنىڭ ئاز بولسىمۇ بىر قىسىم شېئىرلىرىنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات غەزىنىسىگە قوشۇلغان مۇھىم بايلىق ھىسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرى ئامما ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى تېپىپ يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىش ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ بۇرچى، ئەلۋەتتە.

مەن قولۇمدىكى قولىيازما كىتاپتىن شائىر غازىنىڭ پارس تىلىدىكى غەزەللىرىنى قالدۇرۇپ، تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرىدىن يەتتىسىنى كۆپچۈلۈكنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلدىم. نەشرگە تەي - يارلاش جەريانىدا سەھۋى - خاتالىقلار كۆرۈلگەن بولسا، كۆپچۈلۈكنىڭ تۈزىتىپ كىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# غەزەللەر

## غازى

### 5 - غەزەل

كىچە - كۈندۈز دەرد يارى غۇسسە مەھرەمدۇر ماڭا،
پۇرقىتىڭدىن سۇبھى ئىشرەت ، شام ماتەمدۇر ماڭا.

سايە ئەپكەندۇر ھۇمايى ئىشق كۈن - تۈن باشىمە،
بولسە تا بىر ئۇستىخان شاھلىق مۇسەللەمدۇر ماڭا.

ئەتمىگىل كاپۇر ئىلە زەخمىم ئىلاجىم ئەي تەبىب،
چوخ مۇشەققەتلەر ئىلە ئالماسۇ مەرھەمدۇر ماڭا.

نالە ئولسام دائىما ئەھلى خىرەدنىڭ سەخرىسى،
دائىما بىر كۆڭلى ئاتلىغ تەلبە ھەمدەمدۇر ماڭا.

قىسمەتىم جامۇ شارابى ئەيشىدىن ئىرمىش تەھا،
لىك مەملۇ ھەر قايان يۈزكاسەئى غەمدۇر ماڭا.

غازىيا ئەسكى ھىسىر ۋە ئاھى سەردۇ داغى دىل،
تەختى دارا ، تاجى جەمشىد، خىسرۇ ۋە جەمدۇر ماڭا.

— ‹0› —

### 6 - غەزەل

ساقىيا بولدى گۈل ئەييامى كىتورگىل سەھبا،
كىم ھاۋامۇ ئىتدىلۇ، گۈلشەن ئىبرور روھ ئەفزا.

غۇنچە خەندانۇ ، چىمەن سەبزە ، بۇلۇت قەترەفشان،
بەزمە ئەسبابىنى تۈز ، بۇلبۇل ئىلە نەغمە سەرا.

بولسا گەر بىر دىلبىرى سەيخارىيۇ بىر كۈشە باغ،
بەگۈزىمىز شور ئىلە ئىر دەۋسى خۇدا شاھىد ئاڭا.

مۇندىن ئارتۇق نە ئىمىش ھەشمە تۇدەۋلەت ئاڭا كىم،
ئاۋۋالا بىر مۇترە بۇ بىر جامى لەببالەپ مانا.

كۆزنى يۇمۇپ ، مەستە ئۆلۈپ ، نازۇ بىرلە قەۋۋەلى،
تۇركى ئەشئارلار ئوقۇبان چالسە قەۋزى ۋادىلا.

بادە ئىچىپەكتىن ئوشۇلكىم بۇ مەھەل تەۋبە قىلۇر،
بىخەبەر غولى ئىيرور ، ئادەم ئەمەستۇر ئەسلا.

غازىنى مەستۇ كۆرۈپ، يارى ئىلە زاھىدى ھەم،
ئەيلەدى مەيغە كىرۇ سەبەئى دەستار راۋا.

— ‹0› —

8 - غەزەل

گۈل يۈزۈڭسىز ئەي پەرى روباغ زىندانىدۇر ماڭا،
پۇرقىتىدىن غۇنچىلەر بىر دەستە پەيكاندۇر ماڭا.

خەستە كۆڭلۈمنىڭ ئىلاجىنى قىلا ئالمايدۇ ھېچ،
شەربەتى لەئلى لەبىڭ ئەي شوخى دەرماندۇر ماڭا.

گەر جاھان دەرجىنى مەملۇ ئەيلىسەم ئىيرەمەس ئەجەپ،
ئىشقىدىن ھەردەم يېشىم بىر دوررى غەلتاندۇر ماڭا.

شاھى مەن غەم مۇلكىنە ئاستىمدا ئەسكى بورىيا،
مەسنەد كەيخىسرو ۋە تەختى سۇلايماندۇر ماڭا.

مىھرو فەخلىن ئاسىرىدىم كۆڭۈلۈمدە كۆز ياشىم ئىلە،
ھاسلى دەردۇ بالا ۋە ئاھۇ - ئەپغاندۇر ماڭا.

ھىجىر دەردىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن مۇشكۇل ئىيرۇر،
قان يۇتۇپ ، مىھنەت چېكىپ ، ئولماغلىق ئاساندۇر ماڭا.

غازىيا مىھنەت ئىلە جەۋرۇ - جاپاسىن مەن چېكىپ،
ئۆزگىلەر كۆرسە ۋاپا رەسمىنى ئارماندۇر ماڭا.

— ‹0› —

9 - غەزەل

ئۆتتى ئۆمرۈم ئەرزى ھالىم قىلمىدىم پاش ئالدىدا،
ئەرزى - ھال ئىتكاچ زامان ئۆلكى ئىدىم كاش ئالدىدا.

ئۆلكى ھەركۈنىجدا يۈزھارۇتى دائىم سەرنىگۈن،
قالدى ھەيران بابىلى پاھى زەنەخدانىڭ كۆرۈپ.

قاچتى زاھىد كۈشەئى مىھرا بەيۈز ئەفسۇن ئىلە،
نەرگەس ئاتلىغ تەركى شوخى نا مۇسۇلمانىڭ كۆرۈپ.

ۋامىقۇ، پەرھات ئاشىقلىقتا تەھسىن قىلدىلەر،
غازىئى مەجنۇنۇ بى پەرۋانى ھەيرانىڭ كۆرۈپ.

---

غۇسسە — غەم
مەھرەم — يېقىن، ئۇلپەت
پۇرقەت — يىراقلىق، جۇدالىق
ئىشرەت — ئىچكۈچىلىك
سايە ئەپكەن — سايىتاشلىغان، پانا بولغان
مۇسەللەم — تاپشۇرۇلغان ھوقۇق
كاپۇر — پۇراق چاچىدىغان بىر خىل ماددا
ئەھلى خىرەد — ئېقىل ئىگىلىرى
سەخىرە — مەسخىرە
كاسە — قاچا، جام
ھىسىر — نۇرۇن
ئاھى سەرد — سوغاق ئاھ
دارا، جەمشىت، خىسراۋ — قەدىمقى، ئىران پادىشالىرى
گۈل ئەيپامى — گۈل پەسلى
سەھبان — اران، دوستلار
روھ ئەفزا — جان ئاۋۇتقۇچى، جان ھوزۇرلاندۇرغۇچى
بولۇت قەترەفشان — يامغۇرنىڭ بۇلۇتى
نەغمە سەرا — نەغمە ئاۋازى
كۈشە — بۇلۇڭ، خالى جاي
فىردەۋسى — جەننەتنىڭ بىر تۈرى
قەۋۋەلى — ناخشا ئوقۇغۇچى.
ھەشەمەتۇ دولەت — ئۇقۇرى دولەت، ئالى دولەت
قەۋزى ۋادى — ئاھالىخىللىرى ساز نوتىلىرى
غول — ئىزەتقۇ.
پەرى رۇ — پەرى يۈز
پەيكان — يا ئوقى
خەستە — ئاجىز
دەرىجىنى — مەرتىۋىسىنى
دۇررى غەلتان — يۇمۇلاتقان گوھەر.
سەنەد — يولىنىدىغان جاي، يولەنچۈك.
نەخىل — دەرەخت
كاش — كاشكى
بى ناۋا — مۇڭلۇق، خاپا.
دەرەم — پۇل
قەللەش — ئالتۇن - كۈمۈش سودىگىرى
خۇرشىد — قۇياش

خەپپاش — شەپەرەڭ
ئوباش — ئەسكى، يامان
باز — يەنە
مەسھا — ئىرىلدۇرگۈچى
ھەۋىر ئەئىجاز — زاماننى سۆيدۈرگۈچى، بويسۇندۇرغۇچى.
سەرەپراز — باش كوتەرگەن.
غەمماز — چېقىمچى
چەرخى سىتەم — دەۋر زۇلۇمى
ماھ — ئاي
ئەپسەر — بىكار، بىھۇدە
مەپرشەم — كورپەم
دۇررى ئەشك — ياش ئۈنچىسى
كۈلبەم — ئۆيۈم، كەپەم
شام زۇلفى — قاراچاچ
چاشنى — تېتىق، تەمنى.
مۇكەررەر — تەكرار، پۇتمەس
خارمۇ غەيلان — يانتاق تىكەنى
بەستەر — كورپە، كىرلىك
ئاۋەر — كەلتۈرۈش
خۇبلەر — ياخشىلار
جەۋزى مۇقەددەر — تەقدىر قىلىنغان زۇلۇم.
تابان — نۇرلۇق، يورۇق.
چاك ئەتەر — پارەقىلار
خەندان — خوشلۇقلار
مۇشك — ئىپار
دەشتى چىن — خوتەن دەشتى
زۇلفى پەرشان — يېيىلغان چاچ
زەنەخ — زىناق
دەئۋى يۈ ئازادىلىق — كەڭ كۆشادىلىقنى تەلەپ قىلىش.
سۇخەندان — سوزمەن
كۈنج — بۇلۇڭ
ھارۇت — مالائىكىلارنىڭ بىر خىلى
سەرنىگۈن — بېشى تۆۋەن
بابىل چاھ — بابىل شەھىرىدىكى زىندان ئورنى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېھىم ئىسمايىل

# تەزكىرە خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار

## مۇھەممەت سىدىق زەلىلى

**مۇھەررىردىن:** «تەزكىرە خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار»— 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەندە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى (1674 ـ 1750 ـ يىللار) يازغان «ھەزرىتى ھەتىپە مۇھەممەدان بۇزرۇكۋار»، «تەزكىرە چىلتەن»، «سەپەر نامە» قاتارىدىكى تۆت چوڭ داستانىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 1155 ـ يىلى ( مىلادى 1744 ـ يىلى ) يېزىلغان. شائىر 770 بېيىت، 1540 مىسرا ھەجىمگە ئىگە بۇ ئېپىك خاراكتېرلىك تارىخى داستانىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەيخۇلئىسلامى، سەئىدخان، ئابدىرىشىتخانلارنىڭ پىر ئۇستازى، تارىخى شەخس خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ تارىخى ۋە ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر ۋاقەلىكلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالىدۇ ھەمدە بۇ خانلىقنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ خوجىلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

داستان ھازىر يەكەن شەھىرىنىڭ غەربى شىمالىدىكى "ھەزرىتى پىر" مازارلىقىدا كۆمۈلگەن، "ھەزرىتى پىر" نامى بىلەن مەشھۇر بولغان خوجا مۇھەممەت شېرىپتەك بىر تارىخى شەخسنىڭ ھايات پائالىيىتىنى ئاددى تىل، يەنگىل شېئىرى ۋەزىن ئارقىلىق راۋان، ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇشتىن سىرت، شۇنداقلا يەنە سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭ يۇلباشچىلىرىغا دائىر مۇھىم تارىخى پاكىتلارنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئۇ

تارىخ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيا- لى بولالىشىدا شەك يوق. بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنىدا دېنىي پۇراق بىرقەدەر قويۇق تۇس ئالغان بولۇپ، ئۇ داستانىنىڭ باشلىنىشىغا ئالاقىدار بولغان كىرىش قىسمى بىلەن تارىخى شەخس خوجا مۇھەممەت شېرىپقا بەرگەن باھا، كۆز قاراشلاردا ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ. داستاندا مۇنداق پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئورۇن ئېلىشى بىرىنچىدىن ئەدەبىيات تارىخىمىز- دىكى ئىرادىتسىيىلىك ئەنئەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىككىنچىدىن، شائىر ياشىغان دەۋردە جەمئىيەت كەيپىياتىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۈچىنچىدىن شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە بىر مەزگىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دىنىي نىجاتلىق ئىزدەش ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئۇنىڭ ھەممىسى داستاننىڭ شەكلىغا تەئەللۇق ئامىلدۇر ئەلۋەتتە.

يېقىندا پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ئىزى ئۈچۈپ، يوقۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇر- غان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش يۈزىسىدىن ئارقا- ئارقىدىن ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئۇنى يىغىش - رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئورۇن- لاشتۇردى. بىز پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە قىزغىن مەدەتكار- لىقى ئارقىسىدا شائىر مۇھەممەت سىدىق زەلىلى يازغان، سۆزلۈك (مەتىنمەن توختىنىياز) نەشرگە تەييارلىغان قەدىمقى كىتاپ «تەزكىرە خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار» نى ئەينى تېكىستى بىلەن بېسىپ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدۇق.

بېسىشتىن مەقسەت — مەدەنى مىراسلارغا تەنقىدى ئاساستا ۋارىسلىق قىلىش، يەنى شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. پېيەنىلىك ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستى قولىمىزدا ئەينەن بو- لۇشى ۋە ئۇ جامائەتچىلىك بىلەن يۈزكۆرۈشۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا يۇقۇرقى مەق- سەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا يولداشلارنىڭ بۇ كىتاپتىن يۇقۇرقى مەقسەتتە پايدىلى- نىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئى خۇدايا ئەكرەمول ئەكرەم جود:
جۇملەئى ماۋجودغا بەردىڭ ۋۇجود.
گەنجى پىنھان ئىردىڭ ئولكىم بىرۇ بار،
ئەيلىدىڭ ئاخىر ئۆزۈڭنى ئاشكار.
تاپتى سەندىن زىنىتى كۇرسى ۋەئەرش،
يارلىغىڭدا ئەرشدىن تاتەھتى پەرش.

سەندىن ئولدى ھەم خازانى ھەم باھار
سەندىن ئۆلدى مەستو - كۆڭگۈ ھوشيار.
قىش كۆنى دەريانى قىلدىڭ شىشە پوش،
بىر ئاۋۇچ تۇپراقتىن يۈز ئەھلى ھوش.
ئاسمانى، ئەرزۇ - بىرۇ ئاپتاب،
ئاپەرىنەش بەھرىدىن گويا ھاباب.

شەمئى نۇرانى ئۆزرە دۇر ئەيلەدىلەك،
روھى ئالەمنى مونەۋۋەر ئەيلەدىلەك.
خەلق قىلدىلەك ھەممەئى دنۋە، پەرى،
ئەيلەدىلەك ھەر قەۋمى ئۆز پەيغەمبەرى.

## نەئىت ھەزرىتى رەسول سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

سەرۋەرى، سەر دەپتەرى پەيغەمبەران،
ھەزرىتى پەيغەمبەرى ئاخىر زامان.
ساھىبى مىراجو ـ نەئتى مەنقەبەت،
ئاسمانى ـ ئاپتابى مەرىپەت.
چەكتى شەيتان خىلىنىڭ ئەينى غەمىل.
ھەم ئانا ئىدە يۈرۈپتۇر جەبرائىل،
كۆپۈر ئىلىگە كۆرگۆزوبان مۆجىزات.
سۇندۇرۇپ لاتو ـ مانات سۆيى مانات،
ساچتى ئىمان گەۋھەرىنى سەرھازار.
ئۇممىتى ئىچرە خوسوسەن چاريار.

## مەنقەبەت چاھاريار رەزىياللاھۇ ئەنھو

ھەزرىتى بۇبەكرۇ، سىددىقو، ئۆمەر،
نائىبى بەرھەق ۋە لىۋۇبەھروبەر.
بەئدە ئوسمان زەھى ئالى جاناب،
ھەيبىتى ھەقدىن ئىدىلەر مىسلى ئاب.
يارتورتىنجى ھەدىۋى زولپىقار،
شاھى مەردان ھەيدەرى دۇلدۇل سۇۋار.
جان بىلەن ئەيتۇر زەلىلى سۇبھو شام،
ھەر بىرىگە مىڭ ۋرۇدى، مىڭ سالام.

## دەر زامان تەزكىرە كىتابەت قىلدۇرغۇچى ۋە قىلغۇچىلارنىڭ سۇپەتلىرى

ساقىيا شىرىن زابانى ياركەند،
جامى مەي تۇتقىن بۆگۈن تەبسىم بەلەند.
شوخلۇقتىن ئەندەكى پەرۋاز ئېتەي،
ھايۇ ـ ھويو ئەيلىبان ئاغاز ئېتەي.
ئادەم ئارامىدا بەلكىم مورو ـ مار،
يۇرت ئەمەنىيەت مەھەللى نەۋ باھار.
دەۋرى ـ دەۋرى ھەزرىتى خامۇش غوجام،
زىنەتى ئىسلام ـ ئىقلىمى ئەجەم.
بۇ موغۇلىستان ئولەرگە چاھار باغ،
دىن ساۋايىغا يورۇتۇرلەر چىراغ.
كىچە ـ كۈندۈز بولۇپ مەئنى دە غەرق،
قويدىلەر ياخشى يامان ئادەمگە پەرق.
كۆرگۆزۈپ كەشپى ـ كارامەتلەر بەسى.
ھەزرىتى مەخدوم ئەئزەم نەۋرىسى،
مۇستاپانىڭ مەسنەدىدە بەر قارار.
خوجا ئىبىساقو ۋەلى دىن يادىگار،
زۇلمە ـ تۇربەتنى بى بونياد ئەتىپ،
ئاجىزو ـ مىسكىننى ئەدلو ـ داد ئېيتىپ.
تىكتىلەر ئىسلام ئىچىندە بارگا،
زاھىرو ـ باتىن ئېرۇلەر پادىشاھ.

نەچچە كۈن تەخت ئۈزرە بولغايلەر ھايات،
يا رۇسولىللا مەھەللى ئىلتىپات.
ئاستانىدا موردى كەمتەرىن.
ھەم مۇسۇلمان قەۋمى ھەم غالدان ھەزىن.

شاھىدا گولگون قابايى غۇنچەلەب،
تۇتمىدىڭ ساغىر تۇتۇپتۇر نىم شەب.
مەي پەرەستان بۇ كېچە ھوشيار ئەمەس.
ھەم موغەننى ئۈيقۇدىن بىدار ئەمەس.

## بەھرىلئەنساب ، شەجەرە تۇسسادات ، نەسەب نامەئى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت شىرىپ قۇددوس سۇرە ھو ئەزىززەھمەتوللاھى ئەلەيھى

مەن بايان ئەيلەي بۇ پىرنىڭ ئەسلىنى،
يىگىرمە ئىككىنچى ھەمە بابىسىنى.
ئىپتىدا ئول سەرۋەرى خاتەم نەبى،
پاتىمە زوھرادۇر ئول پەرزەنتلىرى.
پاتىمەنىڭ ئوغلىدۇر ـ ئىمام ـ ھۆسەيىن،
بۇ ھەسەيىننىڭ ئوغلىدۇر ـ زەينولئابىدىن.
مەھەممەت باقىدۇر ئىمام ئوغلانلىرى،
جەئپىرى سادىق ئىمام پەرزەنتلىرى.
بۇ ئىمام پەرزەنتىدۇر كازىم مۇسا،
بولدىلەر غۇنچەلىرى مۇسا ـ رىزا.
ئوغلى ئەردىكىم ئىمام مۇھەممەت تەقى،
بۇ ئىمام پەرزەنتىنىڭ نامى نەقى.
ئىمام مۇھەممەت ھەسەنۇل ئەسكەرى،

ئىدىيلەر كىم بۇ ئىمام دىلبەنلىرى.
تالىپ ئابدۇللا ئەئراج پەرزەنتلىرى،
ئوغلى ئەردىكىم ئابدۇللا ئەپزەللىرى.
سەيىد ئابدۇللا ئەئراج نەبىرەسى،
سەيىدشا ھۆسەيىن پەرزەندىسى.
سەيىدشا ھۆسەيىن دىلبەنلىرى.
سەيىدئا جالالىدىن ئوغلانلىرى
سەيىد باھاۋىدىن پەرزەنتلىرى.
سەيىد ئابدۇللادىلبەنلىرى.
سەيىد ئەبەيدۇللا پەرزەندىدۇر،
سەيىد مىر ئەشرەب ئوغلانىدۇر.
سەيىد خوجا پازىل ئېرۇر،
خوجا مۇھەممەت شىرىپ پىرى ئېرۇر.

## ھەزرىتى خوجا موھەممەت شىرىپپىر قۇددۇس سىرىدە ئەزىزنىڭ زىكىرلىرى

ئى مۇسۇلمانلەر نىچۈك تەدبىر ئېتەي.
زىكرىدىن مەھەممەت شىرىپ ئېتەي.
خوجانىڭ پەيزى ـ پۇتۇھى ئام ئېرۇر.
مەنزىلى ـ مەئۋالدىساپرام ئېرۇر.
يەتتە ياشتا ئەردىلەر بۇزرۇكۋار.
بى پەدەر قالدىلەر ئاندا خار ـ زار
بىر نەچچە كۈن بۇ يىتىملىككە چىداپ،
خىزمىتى ۋالىدە ئەيلەپ بى ھىساپ.
ھىچ تەقسىر ئەتمەيىن خىزمەت قىلىپ.

خىزمىتى ۋالىدە نى دۆۋلەت بىلىپ.
خوجانى مەكتەپكە ئىلتىپ بەردىلەر.
خەرج ئەيلەرگە يوق ئېردى سىز ئەر.
چەرخ ئىگىرىپ ـ يىپ ساتىپان ۋالىدە.
خوجا مەكتەپتە ئوقۇبان ئۆز ھالىدە.
يەتتە پەشەنبە ـ ئەگەر پەشەنبىلىك.
بۇ مۇشەققەت بىرلە سىزغۇزدى يىلىك.
ياشلىرى ئونغا يەتتى بى پەدەر.
ۋالىدە قالماي ئۆلەر ھەم ئۆلدىلەر.

تەئمزىيەتتىن كۆزلىرى گىريان بولۇپ،
قالدىلەر سايرامدا سەرگەردان بولۇپ.
دەردى بىرلەن ئولتۇرۇپ لەيلى ناھار،
يىغلار ئەردى كىچە ـ كۈندۈز نەۋباھار.
شەربەئى كەلدى ئىشكىدىن ناگھان،
كۆردىلەر نۇرانىيە مەردى كالان.
جىلۋە ئەيلەپ نۇرھەق رۇخسارىدىن،
دانە ـ دانە دور تۆكۈپ گوپتارىدىن.
ئەيتتى ئى پەرزەند غاپىل بولماغىل،
پەششەئى ئاجىز بولۇپ پىل بولماغىل.
تەگرى كۆز بەردى، قۇلاق بەردى ساڭا،
بەھرى بەردىيو ـ بولاق بەردى ساڭا.

قاشۇ ـ كىرپىك، ئاياغۇ ـ قول بىرىپ،
مۇندا كەلتۈردى ئەدەمدىن يول بىرىپ.
ئەزبىرايى بەندەلىك قىلماق ئۈچۈن،
ئۆز قىلىبان بىزگە ئۆرگەتمەك ئۈچۈن.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئايا ئۆمرى بار،
جۇملەنىڭ كى مەنزىلى دارىلقارار.
ھېچ كىشى ئۆز ئادىدىن بولماس كىشى،
تۆشمىگىنچە ئەۋلىيالەرگە ئىشى
بەس، سەمەر قەندىكى دۆرلەر ئاندا بار،
ھەم مۇرادىڭ بار كۈشايىش لەر تاپار.
ئەيتىبان بۇ سۆزلەردىن مەردى كالان.
بولدى ئولدەمدە پەرى يەڭلىغ ناھان.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ ئانىلىرى چۈشلىرىدە بىشارەت بەرگىنى

خوجا بۇكىچە تۆنەپ ئولتۇردىلەر،
جەزبەدىن تەگدى ئەجەپ ۋەقتى سەھەر.
سۇبھى سادىقتىن بۇرۇن مادەرلىرى،
چۈشلىرىدە ئەيتتىلەر كەلگىن بىرى.
ھەرنە ئول مەردى كالان ئەيدى ساڭا،
ئاڭلىغىن گوياكى جان بەردى ساڭا.
تەربىيەت تاپقۇڭدۇر ئاخىر غەيبىدىن،
پەيزى بولغاي ۋاھىدى لارەيبىدىن.
ھەردەمى تازە تاھارەت ئەيلىگىن،
دىن سارايىنى ئىمارەت ئەيلىگىن.
پىرى كامىلدۇر ئۇشبۇل مەردى كالان،

ھەرنە ئول ئەيتتى قىلغىن راۋان.
بىزلەرنىڭ ئەرۋاھىمىز ھەم ياردۇر،
يار ياۋەر ئەۋۋەلەن جەبباردۇر.
قۇپ سەپەر قىلغىن مۇبارەك دۇرسەپەر.
ئۈچرىغاي بىركۈن ساڭا سايىپ نەزەر.
بۇ بىشارەت بىلەن ئويغاندى خوجا،
سۇبھى ئىدىكىم ھوجرىدا ياندى خوجا.
تۇشەئى تالقان كۆلبار ئالدىلەر،
ھەرنە جابدۇقى سەپەر بار ئالدىلەر.
ھەققى ھەمسايە باربان خوشلاشىپ.
يۈردىلەر ئەل قالدى ئۇندا يىغلىشىپ،

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋار بۇ بىشارەت بىلەن سەمەرقەندگە بارغانلىرى

نەچچە كۈندىن سوڭ سەمەرقەند باردىلەر،
پۇتلىرى ئابىلە ئەيلەپ ھاردىلەر.
كىردىلەر دەرۋازىدىن ھويى چېكىپ.
كۆزلىرىنىڭ ياشىدىن جۇيى چېكىپ.
ۋەقتى شام خەلق ئۆيلەرگە كىتىپ،

ھەم دۇككانلەرنىڭ ئىشكىن بېكىتىپ.
ئوتتۇز ئىككى ھۆرپەگەردىن يوق كىشى.
خوجا ئەيتىلەر بۇ غۇربەتنىڭ ئىشى.
قايدا قونغايەن قاراڭغۇدا بىرىپ.
ھەم مۇساپىر ھەم يېتىم ھەم غېرىپ.

بۇ تەپەككۇردا پەرىشان ئەزدىلەر،
بىلمەيمەن ھېچ يەرنى ھەيران قالدىلەر.
ھەرتەرەپتىن شەھنە پەيياد ئەيلىدى،
پىتنەئى غەۋغانى بۇنياد ئەيلىدى.
ئەيتتى شەھەر ئىچىدە مۇساپىر تۇرماغىل،
رەستەئى بازاردە ئولتۇرماغىل.
ۋەرنە زىندانغا چۈشەرسەن دوزۋار،
دوزدەپ ئەيلەيلەر تاڭلا سەڭگى سار.
قۇرقۇبان خوجا ئەسەسدىن قاچتىلەر،
مەسچىت ئۇچراشتى ئىشكىن ئاچتىلەر.
كىردىلەر مەسچىتكە ئەيلەپ ئىزتىراپ،
ئارقالىرىدىن ھەم مۇئەززىنمۇ ماراپ.
كەلدىلەر ئەيتتى نىچۈك دەرۋىشسەن،
مۇندا ياتماق خوپ ئەمەس بى رىشسەن.
ھەرنىمەرسەڭ بولسا بەرگىن ئىلتايىن،
سود ئەتەس ئوغرى ئالغاندىن كېيىن.
يايوقار مەسچىت ئىچىدىن بىر بىيسات،
قالمىغاي بۇرادەر سەندە ياخشى ئات.
ئوشبۇ سۆزدىن بولدىلەر بى ئاپتاپ.
ئىلىكىگە بەردىلەر كۆلبار، كىتاپ.
قوپتى مەسچىتنىڭ ئىشىكىن ئەتتى ئول،
قالدىلەر يالغۇز ئۆيىگە كەتتى ئول.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە تائەت قىلدىلەر،
گاھى ناماز گاھى تىلاۋەت قىلدىلەر.
سۇبھى سادىق بولدى ئەزىم ئەتتىشام،
ھازىر بولدىلەر مۇئەززىن ھەم ئىمام.
بەس ئادا ئەيلەپ ناماز بامداد،
جەمئىيەت تارقاپ چىقىپ كەتتى چۇباد.
تىز - تىز باقىپ ئىماھى بى تەمىز،
ئەيتتى ئىسۈپى قايەردىن كەلدىڭىز.
خوجا ئەيتتىلەركى مەن سايرامدىن،
بى ھۇدە سۆز سورىما بى ئارامدىن.
ئىلىم ئۆگەنمەك ئۈچۈن مەن بى قارار،
تەۋرىنۇرجان جىسىم ئاراسىپ ۋار.
ئەيتتىلەر موللامۇئەززىنئى سوپى،
مەدرىسە بار ئاخۇنى تۆرپە سەخى.
بىل بىنا قىلغان ئېرۇر مىرزا ئۇلۇغ،
يۇرت ئاتاسى، ساھىبى كارنايۇ - تۇغ.
بارسىڭىز ئۇندا مۇساپىردۇر دىگەي،
ھوجرا بەرگەي، ياخشى پەرۋا ئەيلىگەي.
گاھى - گاھى كەلسىڭىز بىزنى سوراپ،
يەتكۈرۈرمىز ئالدىڭىزغە نانۇ - ئاب.
مۇنچە ئىلمى - مۇنچە پەزلىنى بىلىپ،
كەتتى تەكلىپى سەمەر قەندى قىلىپ.
خوجا ئول ھىندا قىلىبان ئىزتىراپ.
يۈردى ئاخۇننىڭ ئوتاغىنى سوراپ،
ئاخىرى بى ئاشنا ۋە بى دەرەم،
ئىستەي - ئىستەي تاپتىلەر ئاخۇننى ھەم.
كۆردى ئاخۇن بىر يىگىتتۇ - ھەق پەرەست
زاھىرى، باتىن مۇھەببەت بىرلە مەس.
غاپىل ئادەم ئەرمەس ئول ئەھلى ھوزۇر،
چەھرەسىدىن نۇرھەق ئەيلەرزۇ ھور.
ماساۋادىن خوجا پارىغ بولدىلەر،
ھوجرائى خالى بار ئېردى بەردىلەر.
يوق ئىدى سەرپ ئەتكىلى ئەسۋابى ئۆي،
شەمئى ئورنىدا ئىدى مەھتابى ئۆي.
تاپمىدىلەر بىر بىساتى لاجەرەم،
بورىياسى كوھنا بولدىيۇ بەھەم.
بىر سۇنۇق ئىبرىق بىرخىشتى پۇچۇق،
دەستە جورغىسى ئىبرىقنىڭ ئۇچۇق.
خەرجى ئەيلەرگە يوق ئەردىسىمو، زەر،
ئولتورۇبان خوجا يىغلار ئېردىلەر.
كۈندۈزى ئىلىم ئۆگىنىپ ئاللا مەدىن.
كېچە تەكرارى قىيامەت نامىدىن.
گاھى ئىستىغراق ئىچىدە مەس بولۇپ،
زەھدۇ تەقۋا بىرلە ھەمدەم غەرق بولۇپ.
ھالىدىن ئەرمەس ئىدى شاھۇ - گاداي،
ئىلىم ئۆرگەندىكى مۇنداق يىلمۇ - ئاي.
ھېچنىمەرسە يوق ئىدى قاللاچ ئىدى،
خوجا ئون تورت كېچە كۈندۈز ئاچ ئىدى.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنى بىر سودىگەرنىڭ خاتۇنى چۈشىدە كۆرۈپ غايىبانە مۇخلىس بولغىنى

كېچە ئىمشەپ ئەردىلەر كىم لاجەرەم،
بىر كىشى قاقتىلەر ئىشىكنى دەمبەدەم.
ئاچتىلەر ئىشىكنى ئۇشبۇ جىن،
كۆردىلەركى بىر دىدەكى پاكىزەدىن.
ھوجرىگە كىردى سالامى ئەيلىدى،
ھەم بىبى سىدىن پايامى ئەيلىدى.
ئەيتتى بىبىم ئۆزلەرىنى چۈش كۆرۈپ،
كەلگۈسى خىزمەتلىرىگە ئۈلگۈرۈپ.
غايىبانە مۇخلىس بولدىلەر موردى،
بەس دۇئالىرىدىن ھەم ئەيلەپ ئۈمىد.
بۇ دىدەكنىڭ ئىلكىدە باردا ستۇرخان،
بىر سۇغۇدا چۈچىرە، بىر دەستە نان.
خوجانىڭ ئالدىدە ئىلتىپ قويدى ئول،
ھەم بۇلەر تويدىلەر ھەم تويدى ئول.
قالغىنىنى خوجائى ساھىپ نەزەر،
نامرادۇ، كەمبەغەلگە بەردىلەر.

كەتتى دىدەك خوشلۇشۇپ بەئىداز تائام،
بىبىسى بولدى كىنىزەك ھەم غولام.
ئالتە كۈندە يەتتە كۈندە بۇ دىدەك،
كەلتورۇبان مىۋەئى، نانۇ ــ نەمەك.
گاھ دىدەك كەلمەس ئىدى بىر نەچچە كۈن
ئاچ يۈرەر ئىردى خوجا تۈن، ۋەكۈن.
گاھ ئاشپەزلىكتە ئاشتىن بوي ئېلىپ،
نەپسى ئەژدەرھاسىنى يەرگە چېلىپ.
بورىيازەت بىرلە تاپتىلەر كامال،
ھاسىل ئەيلەپ ئىلمو ھالو ئىلمو قال.
ئىلىم بابىدا چۈدەريا بولدىلەر،
زاھرۇ ــ باتىن مۇسەپپا بولدىلەر.
ھەم پەتىلەر راست ئەيلەپ ھەم چىراغ،
رۇشەن ئەيلەرگە كىشى يوقدۇر ئاياغ.
تەربىيەت ئەيلەرگە بىر پىرى كېرەك،
پىرى پۈر پەيزى جاھان گىرى كېرەك.

## توقسان توققۇز مىڭ ماشايىخلارنىڭ سەرۋەرى سۇلتان خوجا ئەھمەد ياسىۋي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى ئۆزلىرىنى زاھىر قىلىپ بىشارەت بەرگىنى

نەچچە يىلدىن سۆڭ ئىدى ۋاقتى تومۇز،
مەدرىسە خالى ئىدىكى نىسپى روز.
موللالەر سەھراسىرى چىققان ئىدى.
خوجا يالغۇز ئولتۇرۇپ گىريان ئىدى،
كەلدى بىر ئاتنىڭ تاۋىشى ناگىھان،
پەيكىر قىلدىلەر، نىچۈك ئاتلىق دىبان.
تاشقىرىدىن قىچقىرىپ ئەيتۇر بىرەۋ،
يىل ــ ئاي غەم مىھنەت ئىلكىدە گورەۋ.

تاقەتو ــ سەبرۇ تەھەممۇلغا ھېرىپ،
مۇندا چىقتى خوجائى موللا شىرىپ،
ھالىتى رۇبەردى بۇ ئاۋازدىن،
بەس خەبەر ئالماققە ساھىپ رازدىن.
چىقتىلەرىنى كوردىلەر بۇزرۇكۋار،
تۇرمىش ئاندا ئىككى ئاتلىق شەھسىۋار.
بىر قارا قاشقا ساۋارە ئەۋلىيا،
بەللىرىدە تەزكەشۇ، تەركەش دىپا

ھەم قارا خۇپتان كىيىپ ئالتۇن كەمەر،
ھەم مۇبارەك باشلىرىدە تاجۇزەر.
سەلتەنەت مەيدانىدە ئالى نىشان،
يۈزلىرىدە نۇر ھەق پەرتەۋ پىشان.
بىرلەرى نىڭ ئاتلىرى ئەردى قارا،
ئۇشبۇ تەرىزلىك يوق ئىدى يىلقى ئارا.
توم قارا رەڭگى سىمەن ئەردى ئاق،
سۈرەتىدىن چۇن قۇنچاقى ئىراق.
ئۆزرەسىدە ئەلۋلىيايى ئولتۇرۇپ،
مەدرىسە سەھنىدە بۇ يەگلىغ تۇرۇپ.
تىترىشۇر ھەيبەتلىرىدىن ماھومىھىر،
باشلىرىدىن ئايلىنۇر دەۋرى سۇپەھر.
چەھرىدىن پەيدا ئىرور نۇرى خۇا،
بويلىرىدىن كەلدى بويى مۇستاپا.
خوجا تەزىم بىرلە ئەيدىلەر سالام!
كۆزگە سۈرتۇبان ئىزاگۇبى لىجام.
ئول قارا قاشقا توپچاق مىنگەن ئەر،
ساھىبى شەمشەر تەركەش بىرلەنەر.
ئەيدىلەر - بۇ غەمدە غەمكىن بولماغىل
ئاخىرەت ئالدىدا دۇنيادۇر ئىچغىل.
بولدى ئوتتۇز يىل بۇ يەردە بارسىز،
نەپسىنى تائەت بىلەن قىينارسىز.
يـاتـقـايىن ئوتتۇز يىل ئىچرە بىر كىچە،
جەھەر ئەيلەك ئىش ئۇشبۇدۇر ئۆلگىچە.
هارماق، ئاچماق بۇ مۇشەققەت بىرلەسىز،
مۇنچە مىھنەت، مۇنچە كۇلپەت بىرلەسىز.
سىزدە بىر ئىبرىقۇ، خىشتۇ، بورىيا،
كوڭلىڭىزدە قالمىدى بويى رىيا.
بىز ئىكويلەن رويى ئالەم سەير ئېتىپ،
كۆن تۇغۇشتىن پىتىشقە يېتىپ.
تاپمىدۇق قابىلى سىزنىڭچە كىشى،
ئاينە ساپ ئەيلىگەن ئەركەك چىشى
ئىلگىرى كەلمەك كىرەك موللا شىرىپ،
بارچە مەقبۇل، زىباۋۇ - زەرىپ.
نەپسى شەررىدىن بولۇق ئەمدى ئەمىن،
بەس بۇ دەپ بەردىلەر بىر قۇرس چەۋىن.
خوجا پەرياد ئىلە قىلدىلەر سوئال،
سىزلەر كىملەر بولدىلەر ئى ئەھلى ھال.
ئول قارا قاشقا توپچا قلىق جاۋان،
دىدىلەر بىل مەن سۇتۇقى بۇغراخان.
كاشغەر مۈلكىنى ئىسلام ئەيلىگەن،
دىن دىيارىنى سەرەنجام ئەيلىگەن.
مەنزىلىمدۇر قىبلە رۇيى كاشغەر،
سەرگو روھى غازىبانى بەھرۇ - بەر.
بىرلەرى ئەيدىكى بىزنى بىلمىسەڭ،
سۆرتىمەدىن مەردى پۇرھەيبەت دىسەڭ.
مەندۇرمەن سولتان ئەھمەد ياسىۋى،
ھەم كارامەت ھەم ۋىلايەتتە قەۋى.
رەھنەمونى ئەسرەمەن يوق غالىبىم،
بار ئىرۇر يۈز مىڭ ماشايىخ تالىبىم.
جوملە ئەھلوللانىڭ دىقانى مەن،
بارگاھى ئىشقىنىڭ سۇلتانى مەن.
كەل كۆزۈڭنى يۇم قولۇڭنى بەر ماڭا،
كۆزلىرىنى يۇمدى قول بەردى خوجا.
باز ئون كەلدى كۆزۈڭ ئاچتىن بۇ دەم،
ھەق يولىدا ساھىبى دەردۇ-ئەلەم.
كۆز ئەچىبان كۆردىلەر بۇزرۇكۋار،
ھەر تەرەپتە دەشتۇ بايابان - غۇبار.
دەشتە ئۆزرە ئىككى ئاتلىقى جاھان،
قولزەمى ۋەھدەتتە گويا كەشتە بان.
قارا قاشقا ئارغىماق مىنگەنلىرى،
ئەيدىلەر موللا شىرىپ كەلگىن بىرى.
گەر مىنى ئىستەرسەن بارغىل كاشغەر،
ئاينە دىل سەيقىلى ئەتسەڭ ئەگەر.
ۋە بولەرنى ئىستەسەڭ بى ئىختىيار،
تۇرمىغايسەن موندا توركىستانغا بار.
غايىپ بولدىلەر بۇ سۆزلەردىن كېيىن،
مۇشكو ئەنبەرگە تولۇپ رويى- زەمىن.
ھىچ زى جاندىن يوق ئەردى ئول زامان،
خوجا ئەردىبۇ زەمىنۇ - ئاسمان

يۇردىلەر ئاندا سارامسە بولۇپ،
كۆزلىرى ياش ئورنىدا قان تولۇپ.
ئاخىر ئۈچ كۈندە سەمەرقەند باردىلەر،
ھوجرە ئىلكى كەنجىنى ئاختاردىلەر.
مەھـەپو، كولبار بىر نەچچە كىتاب،
بۇردىيا ۋە خىشتىن، ئىبرىق خاراب.

چىقمادى دۇنيالىقتىن بىر دەرەم،
روزىگارى ئۈتكۈزۈبان لاچەرەم.
تاكى جابدۇقى سەپەر قىلغاي ئۇلەر،
ھېچ نىمە دىسە يوق ئىدى باقسا ئەگەر.
تەشنە ۋە ئاچ ـ غەرىبۇ ناتەۋان،
ھوجرا ئىچرە ئولتۇروبان ناگەھان.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋار سەپەر جابدۇقىغا ھەيران بولغانلەرىدا ئولتۇرىدىگەن ـ ئىلىك خاتۇنى دىدىگىدىن نىيازمەنلىك ئىبەرتىپ دۇئا تىلىگىنى

كۆردىلەركىم ئىلگىرى كەلگەن دىدەك،
بىر تەبەق ئاشۇ، سەرۇپايى كىيرەك.
ئەردى بىر ھەمياندا بەش يۈز تەڭگە پۇل،
كەلتۈرۈپ قويدى، دىدى بىز پارچە قۇل.
بەندىلىك ئىيتتى بىبى مۆھتەرەم،
پاتەھە ئۇمىت ئىيتىپ ئى باكەرەم.
قىلدىلەر نەزرى نوزۇلىغا دۇئا،
ئەيلىبان ھاسىل تامامى مۇددىئا.
ئادەميانە سەرۇپا كەيدىلەر،
ھەمدى رەببىلئالەمىن كەلتۈردىلەر.
ھەمدى رەببىلئالەمىن ئەيلەپ خوجا
سەجدەئى بۇرسى زەمىن ئەيلەپ خوجا
ئالدىلەر بىر مەركىپى بازاردىن،
يۈكلەبەككە رەختىنى ئەتتاردىن.
قالغىنىنى ئەلگە بەردىلەر تامام،
نى مۇئەززىن قالدى نى موللا ئىمام.
دەۋر ئۇرۇبان ئەھلى سەھرا ۋە شەھەر،
مەجلىسى ئالى قىلىپ ئولتۇردىلەر.

بەزى ئادەم ئەزىمراھى ئىستىھان،
مۇشكۇلاتنى قىلىبان دەرمىيان.
ئەيىۋەھە نىناس دىبان بەھىس ئەيلىدى،
كىمدۇ بۇ مۇشكۇلنى ھەل قىلغاي دىدى.
باش كۆتۈرۈپ خوجائى ئالى جاناپ،
بەردىلەر بىر بەھسكە مىڭ بىر جاۋاپ.
پىشلى بىرلە قوۋۇلىنى ئەيلەپ دۇرۇست،
قىلدىلەر ئاللامەلەر ھەرپىنى سۇست.
ئاپىرىن-يۈز ئاپىرىن دەپ ئالىبان،
ھەيرەت ئىچرە قالدىلەر مەردى كالان.
ئىتتىپاق ئەيلىبان خۇبان شەھەر،
ھەم ئەمىران يەتتىلەر ھەم خان شەھەر.
خەلقنى تاشلاپ بۇ يەردە بى قارار،
قايدا بارغايلەر ئايا بۇزرۇكۋار.
خوجا ئۈزرە ئەيلەپ بارىنى قىلدى شاد،
ھېچكىم قالمىدى قىلماي خەيرى باد.
سەپىت سەپ ئادەم قالدى يىغلاپ ئۇلۇسول
يۇردىلەر خوجا يولۇقتى ئىككى يول.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھىم تەزەپلەرىگە كوڭلى مايىل بولۇپ، كاشغەرگە بارغانلىرى

پەكرى قىلدىلەر ھاگا ھادى راھە
قارا قاشقا ئارغۇماغلىق ئەۋلىيا.
تەربىيەت قىلغان پەقىرنى ئۇل ئەزىز،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدا شەمشىرى تىز.
مىندىلەر مەركەپ ئۈزە يەتۇدىبان،
سەيرو ئىيتىپ دەشتۇ باياۋانۇ بايان.

نەچچە شەھەر نەچچە سەھرادىن ئۆتۈپ،
نەچچە نەھرى، نەچچە دەريادىن ئۆتۈپ.
تارتىپان يۈز جەبرى يۈز رەنجى سەپەر،
يەتتىلەر ئاخىر بى مۈلكى كاشغەر.
كىردىلەر شەھەر ئىچرە ۋەقتى شام ئىدى.
كېچە يۈرگەن ئادەم بەدنام ئىدى.
شەھنە ئالغا يمۇ دىبان خۇرجىن خەر،
بىر سارايغا يېتىپان تۈشتىلەر.
ئەرتىسىگە سۈردىلەر ئەلدىن قايان،
مەشھەدى سۇلتان سۇتۇقى بۇغراخان.
ئېيتتىلەركىم مەشھەدى سۇلتان پاك،
چاھار باغدۇر بىر ئاز ئەنجىر تاك.
چۈش بىلەن يەتكەيلەر ھالا بارسىلەر
لەنگەرۇ لەنگەرچى باردۇر ھارسەلەر.
كىردىلەر يول ئۆزرە ئەيلەپ ئىز تىراپ،
يەتتىلەر ئاتوشقا تۈش بىرلە سوراپ.

**ھەزرىتى بۇزرۇكۋار ئالتىن ئاتۇشقا بېرىپ، باي ئەھمەدنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، بەتەراز ئەتتاران كۈندىزى سەير قىلىپ، كېچىلىرى بايدىن يوشۇرۇن ھەزرىتى سۇلتاننىڭ تەۋەججۇھلىرىدە بولغىنى**

باي بار ئەردى ئۆيىگە چۈشتىلەر،
باغلىبان قويدىلەر ئوقۇر ئۆزرە خەر.
ئەيتتىلەر ئى باي ئۆيىڭىز سايەدۇر،
مەر قەدى سۇلتانى ئالەم قايەدۇر.
كۆڭلىدە ئەيدى بۇ سوپى يا گاداي،
كۆرسۈتىپان يەندى بىر تاشلىقنى باي.
خوجا ئۈچ كۈن مۇتتەسىل ئەيلەپ پىغان،
ئولتۇرۇپ تاشلىقتا تاپماي ئابۇ نان.
زار زار يىغلار ئىدى ۋەقتى سەھەر،
ھەزرىتى سۇلتان نامايەن بولدىلەر.
ئەيتتىلەر ھارماڭ كىلىڭ سىز ئىلگىرى،
كوھۇسارى جەزبەنىڭ شىرۇ نەرى.
خوپ رىيازەت چەكتىڭىز مەردانەۋار،
ئەۋلىيا خىلى بۇ خىزمەتتىن تاپار.
يىزنى ئىزلەپ كەلدىڭىز خوپ كەلدىڭىز.
تەربىيەت قىلغانىمىزنى بىلدىڭىز.
مۇندا نى دەپ ئولتۇرۇپسىز بى قارار،
كۆڭلىڭىز ئەندىشە ئىچرە شورى بار.
ئەيدىلەر شاھا مۇبارەك قەبرىڭىز...
تاۋاپ ئېتىپان كەلدى بوبى سەبرىڭىز.
تاپمادىم ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ھەيراندۇرمەن،
ئىشتىياقىڭ ئىچرە سەرگەرداندۇرمەن.
شاھ ئەيدىلەركى ئى موللا شىرىپ،
بارچە غەم مەقبۇل ۋەزىبا ۋەزىرىپ.
خوجا بىر نەچچە قەدەم ھەمرا ئىدى،
ھەر نە تەلقىن قىلدىلەر ئاگاھ ئىدى.
مەخسەدىنى خوجا ئەرز ئەتمەك ھامان.
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان.
مەنزىلىم بۇ يەردە دەپ كۆرسەتتىلەر،
كۆزلىرىدىن غايىپ بولۇبان كەتتىلەر.
خوجا يىغلاپ ياندىلەر بىخود بولۇپ،
بادە يەڭلىغ مەۋجىدىن خۇمىنا تولۇپ.
رەختى بار ئېردى بارىنى ئالدىلەر،
دەۋر ئورۇبان ئۆزنى يولغا سالدىلەر.
تارتىبان گاھ ئىززەتو گاھ خارلىق،
ئەيلىبان ئاخشامچە ئەتتارلىق.
كېچە باي ھويلاسى ئىچرە ياتىبان،
باي ئوغلانلىرىنى ئۇخلاتىبان.
نىم شەب بولغان مەھەل بۇراھبەر،
مەرقەدى سۇلتاندا ھازىر ئەردىلەر...
مەستۇ - مۇستەغرىق بولۇپ پىرى رەشاد
ھەزرىتى سۇلتان بىلەن تا بامداد.

## باي بەد گومان خوجا شەبدارنىڭ ئارقالىرىدىن ماراپ بارغىنى، بۇ شەك - كاكنىڭ باشىسىدىن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق دەر غەزەپ بولۇپ، خوجانى مەككە تۇللاغا بۇيرىغىنى

بىر كېچە باي ئەيدى بۇ سۇپى ئەمەس،
ئوغرىمىكىن تۇتىمغاي نەگاھ ئەسەس.
يا قاراقچىدۇ خالايىقنى بۇلار،
يا ئىشەككە بەرگىنى ئاشلىق بولار.
بولمىسا تۈن كېچەلەر قايدا بارۇر،
كەنت يېقىن ئەرمەس بۇ ھويلا سايداتۇرۇر
ئەمدى ئەلۋەتتە بۇ سوپىنى ماراي،
قايدا بارسا ئارقىسىدىن مەن باراي.
غاپىل ئەردى باي بۇلەر ئەسرارىدىن،
ھەزرىتى سۇلتان بۇزرۇكۋارىدىن.
بىر كېچە تۈن يېرىمى ئەردى ناگىھان،
رەوزەئى ئالىغە باردىلەر راۋان.
باي ئاستا قوپۇپ يۈزدى ماراپ،
ئارقالىرىدىن يۈرۈپ يولغا قاراپ.
كۆردى سۇلتان تەربىيەتىغە باردىلەر،
نالە ۋە پەرياد ئېتىپ يالباردىلەر.
باي ھەم ئولتۇردى بىر يەردە مۆكۈپ،
ياشىنى يامغۇردەك يەرگە تۆكۈپ.
خوجا بۇ بايدىن ئىدىلەر بى خەبەر،
بار ۋۇجۇدى ئەركىچە ئەيلەپ ھەزەر.
قەھرى ئېتىپ بولدىلەر پەيدا ناگىھان،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان.
ئەيدىلەر بىز مەھرەمى ئەسرار ئىدۇق،
سەھۋەنى گوياكى شەھباز ئەيلىدۇق.
بۇ نىچۈك ئېقىل، نىچۈك ئىدراكدۇر،
ھەم قەدەم بىگانە ۋە شەككاكدۇر.
ئارقىدىن غەممار كەلدى تۇيمىدىڭ.
ئەۋلىيالەرنىڭ ئىشىن ئاسان دىدىڭ
خوجا باقتى ئارقىسىغا ئالدىراپ،
ئولتۇرۇپتۇر باي بى مەنى قاراب.
بايغا باقىپ خوجا پەرياد ئەيلىدى،
ھەم ئۆزۈڭگە ھەم ماڭا قىلدىڭ دىدى.
باي بۇ ئەسرارىدىن كەتتى قېچىپ،
سىينەسىگە تاش ئۇرار ئېردى ئاچىپ.
يىغلىبان خوجا مۇناجات ئەيلىدى،
داد ئەيلەب ئەرز ھاجات ئەيلىدى.
دىدى ئى ساھىب قىرانى كاشغەر،
رەونەقى كانى دوكانى كاشغەر.
سەندىن بولدى مەۋجى دەريايى، ئولۇم
چىن - ماچىن مۇلكىدىن تاھەددى رۇم.
شوھرىتىڭ پۇر شەھرى تۈركىستان ئارا،
ماجرا سالغان بۇ مۇغۇلىستان ئارا.
خوجا بۇ نەسرى ۋەلىنىڭ تالىبى،
ھەم ۋەلى يۇھەم سەرى خوانى نەبى.
شەۋقى مەيدانىدىن سەن شەمشىرى تېز،
كېچەلەر قەندىل قەبرىڭ شوئلە رىز.
سەن كەرەم بەخشى خاتا پوشى ھەمە،
مەن كەمىنە قۇلنى نۇمىد ئەيلىمە.
ئۆتتى مەندىن بى ئەدەد سەھۋە خاتا،
رەھمە ئەيلەب قىل ماڭا لوتپى ئاتا.
كەلدى ئاۋازى بۇكۈن پەرۋاز قىل،
مەككە تۇللا تەۋپىغا ئاغاز قىل.
ئاشنا، نائاشنانىڭ پەرقى بار،
باتىنىڭ روخسارىنى تۇتتى غۇبار.
ساپ بولمايدۇ بىرىپ ھەج قىلمىساڭ،
تېخى مەھىيەت بىلەن تەنني تىلىمساڭ.
خوجا بۇ ئەۋازدىن بولدى خىجىل.
ياندىلەر بايىنىڭ ئۆيىگە مەيپە ئىل.

باي ئاياغلىرىغە باش قويدى كېلىپ ،
ئاھ ئۇرۇبان دەردىرلە ئولتۇرۇپ،
بى خەبەر ئەردىم دەرىغا بىلمەدىم .
مەھزى بىر مولللا ۋەيا سوپى دېدىم .
بۇ نى رەسۇاللىقتۇرنى شەرمەندىلىك،
ھەددىدىن ئۆتتى جەرم قىلماي بەندىلىك.
خوجا بايغا ئەيدىلەر ئى بى قارار ،
ئەمدى چاروبكەشلىك ئەتكىل ئىختىيار.
كېچەلەردە ياتمايىن بىدار بول،
مەسىت غەپلەت بولمايىن ھۇشيار بول.
قىل تەۋەججۇھ رەۋزىدە تۈنى ۋەكۈنى ،
تاساڭا رەھمە ئەيلىگەيلەر بىر كۈنى .
بايغا بۇ سۆزلەرنى ئەيتىپ سەربەسەر ،
تۈشەئى تالقانۇ كولبار ئالدىلەر.

## ھەزرەتى بۇزرۇكۋار بەندەئى سۇرەتكە بېرىپ كەشتىدە ئولتۇرغانى

يۈز مۇشەققەتلەر بىلە ئى دوستان،
نەچچە كۈندە يەتتىلەر ھىندوستان .
گاھى ئاچۇ ، گاھى زارۇ خاردىلەر ،
بەندەئى سۇرەتكە ئاخىر باردىلەر ،
ئولتۇرۇب بەندەر ئىچىدە بىر زامان،
كۆردىلەر كىم بەشيۈز ئاتلىق كارۋان.
ئەزپەيى ئى كەشتىگە كىرگەيلەر ھەمە،
ھەربىرىنىڭ كۆڭلىدە يۈز زەمزەمە.
يەتمىش ئىككى قەۋم ئەردى ھەم سەپەر،
جەم بولۇپ كەشتىگە بىر - بىر كىردىلەر.
ھەيبەتئى كەشتە ئىچىدە كارۋان،
بارۇر ئەردىلەر چىقىپ ناگاھ بوران.
ھەم قاراڭغۇ بولدى كۈندۈز كېچىدەك،
خەلق ھەيران بولدى تەرك ئەتتى نەمەك.
مەۋج ئۇردى قەھرىدىن دەريايى شور،
ئەيلەدى مەۋجى بوران كەچتى غە زور.
باش چىقاردى ھەر تەرەپلەردىن نەھەڭ،
كەشتىنۇ ھەم كەشتىبانىنى قىلدى تەڭ.
جۈملە پەرياد ئەيلەبان يىغلاشتىلەر،
جۇش ئۇرۇپ قاينار قازاندەك تاشتىلەر،
دوربىنىن قىچقىردى ھەۋغا سالمىغىل.
سالىما گىرداب ئىچىدە قالمىغىل،
كەشتى يۈردى جانىبى گىردابىغە،
تاشلىغىل مالۇ - پۇلۇڭنى ئابىغە.
بىر - بىرىگە نەزرە بەرگىل بۇ زامان،
ياتقۇزۇپ قويغىن سىتونى بادبان.
ئىش مەھەللىدىن ئۆتتۈپتۇر ھايى - هاي،
قالغۇمىزدۇر كەشتە ئىچرە يىملۇ - ئاي.
تاشلىدىلەر قاپلە ئەمۋالىنى،
سالدىلەر گەردەنلەرىگە غولنى.
تەۋبە قىلدىلەر تامامى كارۋان،
كۆزلەرىدىن تۆكتىلەر ھەسرەتتە قان،
ئاقىبەت گىردابقا چۈشتى بۇ كېمە،
جان شەرىدىن كۆڭۈل ئۈزدى ھەمە.
كۆردىلەر ئەل يىغلىشىبان زارۇ - زار،
كۈشەئىدە ئولتۇرۇپ بۇزرۇكۋار.
تۆرپە دەرۇشكى ھەرگىز قەيد يوق،
بول ئەجەپ سەييادلىكتىن سەيدى يوق.
تۆرپە تۈلكەيىندە كەشتىنى شامال،
مىل ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى نى ھال.
كۆردىلەركىم مىل ئىسكەندەر بەلەند،
ئۇستىخانى كوھىدىن مىلنى كەشتى پەسەند.
بۇرنا گىرداب ئىچرە قالغان كارۋان،
بەندى - بەندىدىن جۇداۋۇ ئۇستىخوان.
سەر ھازاران ھاجىلار قالغان ئىكەن،
روزىگارى مۇندا سەرگەردان ئىكەن.
قايىزۇل ئەرۋاھىدىن بولغان ئەمەن...
جۈملە ئىمان ئەيتتىلەر جان ۋەھمىدىن.

## كەشتى گىردابقا چۈشۈپ كارۋان ھەيران بولغاندا بىر ئوبۇشقا مىل ئىس كەندەردىكى زەنجىردىن خەۋەر بەرگىنىنىڭ بايانى

لىك كەشتىنىڭ ئىچىدە ئىنتىزار،
بىر ئوبۇشقا بار ئىدى سەكسەن ياشار.
قىچقىرىپ ئەيتتى قىرىنداشلار كىلىڭ،
پىر پورتەد قاشىغا ياشلەر كىلىڭ.
بىر سۆزۈم بار ئەيتايىن بولسۇن ئايان،
تىڭلە ئەردىم قىلدى ئۇستازىمدىن بايان.
كىمە گىرداب ئىچرە چۈشسە زىنھار،
مىل ئىسكەندەردە بىر زەنجىر بار.
يۇقارىغە چىقسۇن ئول زەنجىر ئىلە،
چىققىلى بولماس يانا تەدبىر ئىلە.
خەلق ئاڭلاپ بىردىن بوكاروزار.
مىل ئەترابىدە تۇردىلەر قاتار.
كۆپ كىشى سۇندى قولىنى يەتمەدى،
خەلق ئاراسىدىن بۇ غەۋغا كەتمەدى.
بىرسى ئەيتتى بۇ ئىشقا چارە يوق،
بىرسى ئەيتتى مەن كەبى ئاۋارە يوق.
نائۇمىت بولدى ھەممە بەرنا ۋە پىر،
كۆككە يەتتى ئاھۇ - ئەپغانۇ نەزىر.
خوجا قوپتى ئورنىدىن بىر جۇش ئۇرۇپ،
ساقى ئى بەر يانىدىن مەي نۇش بولۇپ.
ئۇشبۇ ھالىمدىن پىرىم ئاگا دەپ،
سەكرىدىلەر يانەبىيوللا دەپ.
قەھقە ئەيلەپ دەر چىنانچە كەبكى مەست،
تۇتتىلەر زەنجىردىن بۇ ھەق پەرەست.
چىقتىلەر مىل ئۈستىگە ئول زامان،
نەرە ئەيتىپ خوجائى ساھىپ قىران.
ھەيبەتى بۇ نەرەدىن دەريايى شور،
تاشلىدى ساھىل يۈزىگە مارۇمۇر.
مىل ئىسكەندەردە ئەندەك تۇردىلەر،
كۈسى ئىسكەندەر كۆرۈپ ئولتۇردىلەر.

تۆت تەرەپكە باقتىلەر دەريا راۋان،
يەر كۆرۈنمەيدۇ سۇ بارۇ ئاسمان،
مىل ئۈستىدە مۇسەللا تۇردىلەر،
كۆز يېشى بىرلە تاھارەت ئالدىلەر.
ھەم ناماز ئەيلەپ خۇداغا ھەم نىياز،
جەزبەدىن غەرقى جۇنۇن دەريايى ئاز.
يۈزلەرىنى ئەيلەدىلەر قىبلەروي،
كارۋان ئەھلىگە چۈشتى ھايى - ھۇي.
ئاھ دەپ تاشلاپ بۇ دەريا ئىچرەدۇد،
ئەھمەدى مۇختارغە ئەيلەپ دورۇد.
بەدە تەكبىرى بى ئاۋازى بەلەند،
ئەيدىلەر بۇزرۇكۋارنى ھۆشمەند.
تەبلە چۆبىنى ئىلكىگە ئالدىلەر،
كۇس ئىسكەندەرگە ناگا سالدىلەر.
بىر چېلىپ ئەردىلەر پەرياد ئەيلىدى،
سۇر ئىسرافىلنى بۇنياد ئەيلىدى.
جۇنبۇش ئەتتى ناگىھان دەريايى شور،
ئەژدەرھالەرگە سېلىپ غەۋغا ۋە شور.
قىچقىرىيان جانۋەرلەر مىسلى زاغ،
ھەم بىلىقلارنىڭ كۆزىدىن چىھلى چىراغ.
ئول مەھەلدە ھالەتى پەيدا بولۇپ،
سوقتىلەر ئىككىنچى بارە تەبلە كۆپ.
تەبلە چۆبىنى ئۈچ مارتىبە سالدىلەر،
ھۇشىدىن كەتتىلەر تامامى جانەۋەر.
مەۋج ئۇرۇپ گىردابىدىن سۇ ئەلھەزەر،
ئۆرلىدى دەريا ئىچىدىن يەتتە گەز.
قانچە كىم دەريا سۇيى بولدى ئېگىز،
كەشتى مىلتىقىنىڭ ئوقىدىن يۈردى تېز.
قوزغۇلۇپ يۈزمىڭ نەھەڭگى ئەژدىھا،
خەلقنى گىردابىدىن قىلدى رىھا،

ئى دەرىخا ئۆز غەممىزنى يىدۇق،
خوجانىڭ قەدىرلىرىنى بىلمىدۇق.
كىم قىلۇر بۇ مۇنچە مۇشكۇللەرنى ھەل،
ئۆزلىرى مىل ئۆزرە تەنھا چىقتىلەر.

## خەلق گەرداپىدىن چىقىپ خوجائى بۇزرۇكۋار مىل ئۇستىدە يالغۇز قالىپ مۇناجات بىدەرگاھى قازىيەل ھاجات قىلغانلىرى

ئەل كىتىبان خوجائى ساھىپ نەزەر،
مىلنىڭ ئۇستىدە يالغۇز قالدىلەر.
ناتاۋانۇ زارۇ ھەيرانۇ غېرىپ،
زار - زار يىغلار ئىدىلەر سارغىيىپ،
ئەزبىرايى شىددەتى تۇغيانى دەرد،
جان مىسكىندىن چىقارىب ئاھى سەرد.
باش يالاڭ ئەيلەب ياقانى چاك ئېتىب،
ماسەۋەللادىن كۆڭۈلنى پاك ئېتىپ.
ماتەم ئەھلىدەك قىلىپ ئاھۇ پىغان،
كۆز تىكىبان ھەم بەسۇيى ئاسىمان.
سەربە سەجدە قويدىلەر ھاجات ئۈچۈن،
جەزبەدىن كۆڭلىدە پۇر ھالات ئۈچۈن.
ئول مۇناجاتىكى قىلدىلەر بۇدۇر،
ئەرز ھاجاتىكى قىلدىلەر بۇدۇر.

## مۇناجات بىدەرگاھى قازىيەل ھاجات

خالىقا پەرۋەردىگارا پاك سەن.
ساھىبى ئىدراكى خاكى پاك سەن،
بولمىسا ئەمرىڭ چۈشەرمۇ بى ھىجاب،
ئاسماندىن يەرگە ئەكسى ئاپتاپ.
يارلىغىڭ بىرلە راۋاندۇر بەھرلەر،
ھەر تەرەپتە جۇيبارو نەھرلەر.
رەھمىتىڭ دەرياسىدىن دۇر مۇنچە مەۋج،
ھەم پەرىشتىلەر سانا خاند پەۋج-پەۋج.
ئايىنى قىلدىڭ مەشئەلى رويى زەمىن،
ھەم مۇقەررەپ ئەيلەپ ئەسھابى ئېمىن.
ئەبىرە گەر چەندىكى ياشنى تۆكەر،
قەترەئى يامغۇردىن سەن با خەبەر.
سەن تەجەللى ئەيلىدىڭ ھوسنى قەمەر،
سەن موھەييا ئەيلىدىڭ تۈرلۈك سەمەر.
جۇملەئى رىگو - باياۋان قانچەدۇر،
قانچە كاپىر بار مۇسۇلمان قانچەدۇر.
ئاشكارادۇر ساڭا پىنھان ئەمەس،
رەھمى شەپقەت قىل ماڭا پەرياد رەس.
باش كۆتەردى سەجدىدىن يىغلار ئىدى
سىنەسى گوياكى ئاتەش پار ئىدى.

## خوجا بۇزرۇكۋارنىڭ مۇناجاتلىرى تامام بولماي ئەردى، پىرلىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى مىل ئىسكەندەردىن نىجات بەرگىنى

ئات تاۋۇشى كەلدى ھەر يان باقتىلەر،
كۆس ئىسكەندەرنى قورقۇپ قاقتىلەر.
نى كۆرەرلەر خوجائى بۇزرۇكۋار،
بىر قارا قاشقا توپچاقتا سۇۋار.

سەكرىتىپان ئاتنى ئۇل ئەز چىدەن،
ھەر قەدەم ئادەمچە دەريادىن بەلەند.
چاك چىقىرىپ سۇ يۈزىدىن ناگىھان،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان.
ئاتلىرى دەريا ئۆزە كەلدى بەرى،
ھەم ۋەلىيۇ غازىلەرنىڭ سەرۋەرى،
دىدىلەر ئەۋۋەلقى كۆرگەن شاھ مەن،
باتىنىڭدا ھەرنە بار ئاگاھ مەن.
قورقما مەندىن تەربىيەت ئەيلەي ساڭا،
يۈم كۆزۈڭنى - يۈ، قولۇڭنى بەر ماڭا.
كۆزلىرىنى يۇمدىلەر قول سۇندىلەر،
ئاتقە مىنگەشتۈردىلەر ئۇل راھبەر.
باز ئان كەلدى كۆز ئاچ سەھرانى كۆر،
قالدى گىردابى لىبى دەريايى شور.
كۆز ئاچىپان كوردىلەر بۇزرۇكۋار،
ھەزرىتى سۇلتان ئات ئويناپ تۇرار،
قوللەرىدە جىلۋەئى ئەڭگۇشتەرىن،
ئال دىبان بەردىلەر بىر قەرس چۈدىن.
ئەيلەر قىرىق كۈنگىچە بۇ يەردە تۇر،
ئاڭلىغايسەن بولغاي ئەسرارى زوھور.
تىنمايىن قىرىق كون ئىچىدە ھېچ سەن،
جەم ئېتىپ ئەيماقى قەۋمىڭە رىش سەن.
تودە - تودە ئەيلىيىن قويغىن بۇگۈن.
قوتقارورغە نەچچە بەختى سەرنەگۈن.
تاڭلا يەتكەيلەر جەمئى كارۋان.
تارتىپان بىر - بىر ئۇلەرنى ئال بۇيان.
سەن بۇ يەردە تۇردىبان كۆركەتتىلەر،
كۆزلىرىدىن غايىب بولۇپ كەتتىلەر.
خوجا ئارغامچا يىشىپ جەم ئەيلىدى،
كارۋان كەلگەندە لازىمدۇر دىدى.
يىغدىلەر - ئارغامچا ئەلدىن بى شۇمار،
كارۋان يەتكەي ئۆكىن دەپ ئىنتىزار..

تاڭلاسى ئاش ۋاقتى بولدى ناگىھان،
يەتتى كەشتى بىرلە بەشيۈز كارۋان.
ئون بىرلە ئەيتۇر ئىدى ئەركەك چىشى،
بارمۇكىن دەريا لە بىدە ھېچ كىشى.
بىزنى بۇندىن ئەيلىگەي ئازاد ئول،
يەئنى دەريا ئىچىدىن ساھىلغا يول.
خوجا بۇ ئارغامچىلەرنى ئالدىلەر،
ئىلتىپان دەريا ئىچىگە سالدىلەر.
چىقتى بىر - بىر ئۇشبۇ ئارغامچە بىلەن،
قالىدى دەريا ئىچىدە مەر دوزەن.
كۆردىلەر دەريالە بىدە ئاشكار.
مىل ئۇزرە قالغان ئول بۇزرۇكۋار
كاردۋانو، كەشتى باتو دوربىن،
ئەيلەدىلەر ھەمدو رەببىل ئالەمىن.
چۈن بۇلەر بۇزرۇكۋارلىقىنى بىلدىلەر،
جەم بولۇپ ئولدەم ئىنابەت قىلدىلەر.
مالۇ ئەموالىن قىلىپ نەزرۇ - نىياز،
تاپقىنى گۈل، تاپمىغان بىرباش پىياز.
تاۋاپ ئەيلەر ئەردىلەر ھەر يان كېلىپ،
بەندە - پەرمان بولدىلەر يەكسان كېلىپ.
بىز مۇرىدى موخلىس ئىقرارمىز،
جان بىلەن ھەر يەردە خىزمەتكارىڭىز.
نەئرە تارتىپ جىگەرىدىن بەرق ۋار.
ئەيدىلەر رەھمە ئەيلەڭ ئى شەيخى كۇبار.
بىز ھەمە پەرۋانە ئى دىدارىڭىز،
جان بىلە ئۆلگۈنچە خىزمەتكارىڭىز.
خوجا يىغلاپ ئەيدىلەر ئى مۇئمىنان،
خالىسەن لىللا پىدا ئەيلەپ بۇ جان.
ئۇشبۇ جان تەندىن جۇدا بولغان كۈنى
ھەم جاھان ماتەم سەرا بولغان كۈنى
خابى غەپلەتدىن دەمى بىرار بولۇڭ،
مەستلىكتىن ئەندەكى ھۇشيار بولۇڭ.

## ھەزرىتى خوجا بۈزرۈكۋار دەريادىن چىقىپ، مەككە تۇللاغا بېرىپ ماقام قىلغىنى

ئېيتىبان تەلقىن گادا ۋە شاھىغا،
باردىلەر ئۈچ كۈندە بەيتۇللاھىغا.
مەككىگە چۈشتى ئەجەب ئەۋازەئى،
كەلگەن ئەرمىش بىر ۋەلىيۇ تازەئى
يۇرتى تۈركستان ئىكەندۇق سەير ئېتىپ،
خەيرەتى ھەق بىرلە تەركى غەيرى ئېتىپ،
تاشلىبان سەھرا ۋە باغۇ - بوستان،
يۈز مۇشەققەتتە يېتىپ ھىندوستان،
بەندەئى سورەتكە كەلمىش تەي قىلىپ،
نالەسى ئەرغۇنانى تەي قىلىپ،
كارۋان بىرلە چۈشۈپ گەردابىنە،
ئىلىمدە ئەللامەئى ھەر بابىنە.
مىل ئىسكەندەرگە ئەل چىققان مەھەل،
ئەيلەپ ئەرمىش جۈملەئى مۈشكۈلنى ھەل.
مەككە تۇللاغە بۇ سۆز مەشھۇر ئىدى،
لېك خوجا خەلقتىن مەستۇر ئىدى.
ھەج مەھەللى بولدى يۇ تەۋپى ھەرەم،
چىقتى تاغ ئۈززە شەرىپى مەككە ھەم،

ھاجىلەر تۆت بۈرجى ئالەمدىن كېلىپ،
يەتمىش ئىككى قەۋمى ئادەمدىن كېلىپ.
بەلغ، رۇم ئەتراپىدىن تا مىسر، شام،
بەلكى ئىران بىلەن تۇرانى تامام.
سەربەرەھنە خا بەرەھنە جۈملە ئەل،
لوڭگا تارتىپ بەلىگە تۇردىلەر.
يىغلىماق ئەردى خالايىقنىڭ ئىشى،
جەم بولۇپ ئۇل يەردە يەتمىش مىڭ كىشى.
ھەم شەرىپى مەككە بولدى بى قارار،
تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۈستى سۇۋار.
قول ئاچىبان ئەيلىدىلەر ئەل دۇئا،
خەلقىنىڭ ۋەردى زابانى رەببەنا.
بەس ھاۋا گەرم ئولدى مەۋسىمى تومۇز،
ئامىن- ئامىن بىرلە بولدى نىمى روز.
ھاجىلەر ھەيرەتتە ۋە ئىش ناتامام،
كۈن قارايدىيۇ يېقىنشتى ۋەقتى شام.
تۇرغىلى ئول يەردە تاقەت قالمىدى،
بۇ دۇئا ھەرگىز ئىجابەت بولمىدى

## ھەزرىتى خوجائى بۈزرۈكۋارغە ئەمرى ئىلاھى بولۇپ دۇئاغە مەشغۇل بولغانى

كەلدى ھاتەپتىن ناداپى ناگىھان، —
ئى شەرىپى مەككەئى مۈلكى ئامان.
ئىندەگىل سەن ئۇشبۇ جەمئىيەت ئارا،
بىر غەرىبى نىڭ ئول قىلسۇن دۇئا.
ئاتى مۇھەممەت شىرىپ ھەم پىردۇر،
شەھرى سايىرامىدىن ئېرۇر دىلگىردۇر،
بۇندادىن خاتىرىن شاد ئەيلىدى،
قىچقىرىبان ئەلگە پەرياد ئەيلىدى.
ئەييۇ ھەنناس ئول غەرىبى ناتىۋان،
قايدادۇر چىرلايدۇر خەللاقى جاھان.
ھالا ئۇلسۇن مۇندا ھالا پىرمەردە،

كان ۋەھرەت ساھىبى دەريايى زەردە،
بۇ خەۋەردىن خوجا بىرلە كارۋان،
كەلدىلەر تاغنىڭ تۈۋىگە بىگۇمان.
توشتى ئەشتەردىن شىرىپى سۈبھى خىز،
خوجا مەندىلەر چىقىپ ئۈشتۈرنى تىز.
خەلق ئامىن دەپ ئۈلەر قىلدى دۇئا،
ھەج قوبۇل بولدى دەپ كەلدى نىدا.
ھاجىلەر بىر - بىرلەرنى شاد ئېتىپ،
خوجانى بارچە مۇبارەك ئېتىپ.
مەككەنى تاۋاپ ئەيلىبان تارقاشتىلەر،
بىرسى دەريا، بىرسى تاغدىن ئاشتىلەر.

## ھەزرىتى خوجا بۇزرۇكۋار ھەجدىن پارىغ بولۇپ، مەدىنىگە بېرىپ، رەۋزەئى مۇتەھھەرى مۇنەۋۋەرى مۇقەددەس ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستاپا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلغانلىرىنىڭ بايانى

كۆردىلەر خەلقىنى نۇرانە ھەمە،
بارچىسىنىڭ ئاغزىدا يۈز زەمزەمە.
خوجائى ئازادە شاتلىقتا تولۇپ،
نەچچە سوداگەر بىلە ھەمرا بولۇپ.
ھەم پىيادە گاھى ـ گاھى ھاردىلەر،
ئاخىر ئون كۈندە مەدىنە باردىلەر.
كۆردىلەر خەلقىنى نۇرانە ھەمە،
مەسجىدۇ مىھراپ ئىچىدە زەمزەمە.
مەككە تولادىن مەدىنە خۇش ساۋاد،
ھەم ھەبىبۇللا دەپ خەيرول بىلاد.
سوردىلەر ئەئرابىلەردىن كىم قايان،
رەۋزەئى پەيغەمبەرى ئاخىر زامان.
كوركوتىبان رەۋزەنى ياندى بىراۋ،
تەنلىرىگە كىردى گويا جان نەۋ.
خوجا ئۈچ كۈن رەۋزىدە ئولتۇردىلەر،
كۆز تىكىپ مەرقەدلىرىگە تۇردىلەر.
گاھ تىلاۋەت بىرلە گاھى ئىنتىزار،
تەشنا ۋە ئاچ پەرىشان روزىگار.
ئەۋۋەلى ئاخشامى كەردى مۇستاپا،
گەۋھەرى رەخشان دەريايى سافا.

رەۋزەدىن شول ھىن دا پەيدا بولدىلەر،
شەمسدىن رۇشەن ھۆۋەيدا بولدىلەر.
لەيلى ئول قەدرى ئەردى ئايا ئول كېچە،
خوجائى تەلقىن قىلدىلەر نەچچە.
ئەيدىلەر سۇلتان ئانداغ ئەيلىگىل،
ئەمرى سۇلتانىنى خۇدا ئەمرى دىگىل.
پىر ئەگەر سەندىن رىزادۇر بىز رىزا،
تارتىشىغدۇر ئىككى ئالەمدە ئىزا.
خوجا ئەيدىلەركى يىغلاپ تۇردىلەر،
مەنزىلىم قايسى دىيار دەپ سوردىلەر.
بەردىلەر ئول سەرۋەرى جەددى ساپا،
مەنزىلىڭدۇر موئجىزە بەردى ئاسا.
يا رۇسۇلىللا بىشارەت بەردىڭ ئاسا،
قايدا بارغايمەن ئى سىدىقى ساپا.
بار بۇ يەردىن خۇدا ئەمرى ئەيلىسە،
مەنزىلىڭ ئولدۇر ئاسا شانە ئەيلىسە.
ئەيدىلەر ئول سەرۋەرى ئالى جاناپ،
مەنزىلىڭ ئولدۇر دىبان ياندى جاناپ.
بەئدە رۇخسەت بەردىلەر غەيىپ ئولدىلەر،
خوجا دەريادەك لە بالەپ تولدىلەر..

## ھەزرىتى خوجابۇزرۇكۋار مەدىنەدىن يورۇپ بەندى سورەتكە بىرىپ، ھىندىستان بىلەن ياركەند زىمىن دىيارىغا كەلگەنلىرى

خەلقى ئالەم بىلەن ئەيلەپ خەيرى باد،
كىردىلەر يولغا سامالى بەرق باد.
ئىككى ئاي سەير ئېتىپ بولاتتۇۋان،
بەندە ئى سۈرەت بىلە ھىندۇستان.

نەچچە ئايۇ ئۆتتىلەر كانجۇد كەلدىلەر،
پىشەئى مەقبۇل نىيەت شىر كەلدىلەر..
تۇرمايىن كانجۇدا بۇ مىرات بۇر،
يۈردىلەر مەنزىل بىمەنزىل تاداۋۇر.

ئاندا داۋۇرنىڭ زىمىنى تارىشىدى،
ئولتۇرۇغلۇق بىر جامائەت بار ئىدى.
ھەزرىتى بوزرۇكۋانى كۆردىلەر،
بىر مۇساپىر ھاجى بىر خورجون خەر.
بەلگە باغلاپ بىرگىنە كولبارى بار،

لىك مەئىندەنى دەرسەن ناربار.
خەلق كەلتۇردى قەتىق، گوشت، ئاش نان،
ئاش ناننى يەپ بولۇپ پىرى جاۋان.
ئۆيلەرگە تارقىشىپ كەتتى ھەمە،
خابۇ خائەيۋانىشا دەتتى ھەمە.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋار داۋۇرغا كېلىپ ئەللامەنىڭ ھالى كەشىپ بولۇپ، مازارىنى تەئمىر قىلىپ، ئەلگە نىشان بەرگەنلىرى. بىر تۇل خوتۇن يېپىرىمنى بۇزمىغىل دەپ ماجرا قىلغىنىنىڭ بايانى

قوندىلەر ئەلقىسە موندا بىر كېچە،
كۆردىلەر باتىن دە ئەسرار ئۆزگىچە.
ياتمايىن ئولتوردىلەر بوراھبەر،
روبىرۇدىن بىر ئېزىزى كەلدىلەر.
خوجاغا قىلدى سالام ئىكرام قىلىپ،
بارچە ئەھوالاتىنى ئەئلام ئېتىپ.
ئەيدى ئى مەردى خودا خوپ كەلدىڭىز،
بولدى ئۈچيۈز يىل بىلىڭ زىنداندا بىز.
جۇملەئى ئالەمگە مەن ئەئلەم ئىدىم،
پەھمەئى دانىشدە ھەم ئەئلەم ئىدىم.
ناگھان بىرلە بىزى پەتىۋادىن غەلەت،
بولغانىدىن يەيدورۇرمەن ھەركۈندە لەت.
قەبرى ئىچرە ھەق جازا بەردى ماڭا،
سەھۋە قىلغاندىن ئىزا بەردى ماڭا.
ئوڭ كۆزۈمدىن ئۈندى بىر ئازغاندور،
يورگوشۇپتۇر شاخىغا مارانى كور.
ھەرمەھەللى كى چىقار ئەندەك شامال،
تەبرە نۇر ئازغان ئى ئەھلى كامال.
ئول سەبەبدىن بارھا ئازاردە مەن،
قوۋەتىم يوق تەۋرە نۇرگە مۇردە مەن.
تىنىچ ئەمەس دورمەن ماڭا ئارام يوق،
گويىيا ئازغان كۆزۈمگە تەككەن ئوق.
نى بولۇر ئازغاننى يولغا تاسىلەر،
پەنجى رىشتەسىنى بولۇبان ئالسىلەر.

قەۋرىمىز بۇ يەردە دەپ كۆرسەتتىلەر،
كۆزلىرىدىن غەيىپ ئولوبان كەتتىلەر.
بۇ ئەزىزنىڭ كى كارامىتىنى ياد،
ئەيلىبان بەئداز ناماز ى بامداد.
كەنت ئىچىدىن خوجائى ساھىپ نەزەر،
ئۈچ-تۆرت كەتمەن چىنى كەلتۇردىلەر،
ئەيدىلەر بۇ يەرنى كۆلاڭلار چۇقۇر،
كۆرگىل ئاندىن بوچۇقۇردىن نى چىقۇر.
ئالدىلەر كەتمەننى بۇ كەتمەن چىلەر،
پارەئى يەرنى قىلىپ زىرۇ-زەبەر.
ئوشبوھالەتتە ئىدى بىر تۇل خوتۇن،
ئىلكىدە چۆپ ۋە ئۇچاسىدا ئوتۇن،
قىچقىرىپ ئەيتۇر يېپىرىمنى بوزماغىل،
خانىقاھى سوپىلەر يامو ئېتىل.
خوجا ئەيدىلەركى سەبرى ئەتكىل مۇما،
مەن بىرەي تاۋانىنى كۆپ يىغلىما.
قىلمىدى ھەرگىز قوبۇل تۇل خوتۇن،
تاشلىدى يەرگە ئۇچاسىدىن ئوتۇن.
خانىغا ئەرز ئەيلەرمەن دەپ بولدى راۋان،
قاغىلىقتا تاپتى خاننى ناگىھان.
يۇرت مەئمور ئەردى خەلق بىسىيار ئىدى.
ئول مەھەلدە ئابدىرىشىت خان بار ئىدى.
پىرۇ زەن كەلدىيو پەرياد ئەيلىدى،
ئىككى تىزىنى پۈكۈپ داد ئەيلىدى.

ئەيدى ئى سۇلتانى ئالەم داد ـ داد،
قىلدى بىر سوپى مېنى مۇنداق بىباد.
فىتنەئى ئابى زىمىنىم بار ئىدى،
نەپئى ھەر يىلدا ماڭا بىسيار ئىدى.
بىر سوپى پەيدا بولۇپتۇر كەچقۇرۇن،
ئەلنى ئالداپ يەرگە سالۇسى ھورۇن.
جەم بولۇپتۇر سوپىلەر مىكرى ئەيلەگەچ،
خىر قەئى ئېگنىدە باشىدە سەپەنج.
نەچچە كەتمەنچى سېلىپ بۇزدى يېرىم،
سوپىنى سۆز ئەيلىلى يوقتۇر ئېرىم.
ئاجىزۇ ئەۋارىمەن داد ئەيلىدىم،
ھەزرىتىڭگە مۇنچە پەرياد ئەيلىدىم.

## ئابدىرىشىت خان ئ‍ۇل خاتۇنغە ياساۋۇل قوشقانلىرى

رەھىم ئېتىپ خان بىر ياساۋۇل قوشتىلەر،
يارلىغىم يەتكۈزگىل ئۇل يەردىن كىتەر.
سوپىمۇ ـ دەرۋىش مو دۇر بۇنى يوسۇن،
بىھودە كىشىنىڭ يېرىنى بۇزمىسۇن.
كەلدى كەمپىرى ياساۋۇلنى ئېلىپ،
خوجانىڭ قاشلىرىغا خەۋغا سېلىپ.
بەتكۈزۈپ خان يارلىغىنى پات ئىلە،
تۆشمەيىن يەرگە تۇرۇبان ئات ئىلە.
كورباتىن ئەردىيۇ زالىم ئىدى،
بى ئەدەپلىكتىن تەئەددى ئەيلىدى.
ھەزرىتى خوجا بولۇبان دەر غەزەپ،
ئاسمان سارى باقىپ تەبرەتتى لەپ.
زالىمى نادان يىقىلدى ئاتىدىن،
مىلك پۇشايمان قىلدى قىلغان باتىدىن.
بىر قولى سۇندى سۇنۇق قول بىرلە ئۆل،
ئۆپكەسىگە سۇ سىپىلدى تۇتتى يول.
ھەرنە كۆردى ئاشكارا ۋە ناھان،
قىلدى خان قاشلىرىدا بىر ـ بىر بايان.

## ئابدىرىشىت خان ئىككىنچى ياساۋۇل بۇيرىغانلىرىنىڭ بايانى

خان بۇ يۇردىلەر ياساۋۇل كەلدىلەر.
ئاڭلىغىل سوپى نى يەردىن كەلدىلەر.
سەن تەئەددى قىلمايىن ئاھىستە بار،
بى ئەدەپلىك قىلمىغايسەن زىنھار.
كەلدى ئىككىنچى ياساۋۇل پەم ئىلە،
بەس سالامى ئەيدىلەر تەزىم ئىلە.
سوردى ئى بۇزرۇكنى يەردىن كەلدىلەر،
بىلمىدۇك قايسى شەھەردىن كەلدىلەر.
خوجا ئۆتكەن سىرنى تەقرىر ئەتتىلەر،
كۆلىغان يەرنى ئاڭا كۆرسەتتىلەر.
ئىلگىرى كەلدى ياساۋۇل تېز ـ تېز،
كۆردى تۇر بۇتىنىڭ ئىچىدىن بىر ئېرىز،
ئۇڭ كۆزىدە بىر تۇپ ئازغان تىكەن،
مۇندا ئۇچيۈز يىل ئېرور ياتقان ئىكەن.
خوجا ئالدىلەر يۇلۇبان شاخ ـ شاخ
قەبرىنى ئۇلىغە قىلدىلەر پىراخ.
ئەلگە بۇ ئەسرارنى كۆرسەتتىلەر،
تۇغ تىكىپ ياخشى مازارەت ئەيتتىلەر.
ياندى ئىككىنچى ياساۋۇل يول بىلەن،
تاش ئۇرۇبان سىنەسىگە قول بىلەن.
باردىيۇ ـ خانغا ھىكايەت ئەيلىدى،
ئەيدى بۇ يەڭلىغ كارامەت ئەيلىدى.
سۇرىتى سوپىيۇ ئەھلۇللاھىدىن،
بىر نەپەس غاپىل ئەمەس ھىمدىن.
چەھرەسىدىن پەرتەۋى ئەنۋار نۇر،
ھەم ۋەلىيۇ ساھىبى كەشپى قوبۇر.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ ھەققەتلىرىنى بىلىپ ئابدۇرەشىت خان قول بەرگىنى

ئاڭلىبان ئابدۇرىشىت خان ئول زامان،
بارچە بەگلەر بىلە بولدىلەر راۋان.
يۈكلۈتۈپ ئاتلەرگە كۆپ نەزرو - نىياز،
يۈردىلەر سۈرئەت بىلەن روزى دەراز.
ۋەقتى پېشىن ئەردىلەر يەتتى داۋۇر،
ھەزرىتى خوجام ناماز ئەيلەپ تۇرۇر.
پەۋج - پەۋج بەگلەر كېلىبان تۇردىلەر،
خان تەۋەججۇھ ئەيلەبان ئولتۇردىلەر.
پارىغ ئۆلدىلەر ناماز ئەيلەپ خوجا،
ھەق تائالا بىلەن راز ئەيلەب خوجا.
ئەگىشىپ كەلگەن سىپاھى بەگلەر،
خان ئادىل بىلە تەقسىر قويدىلەر.
بىر بىرىن ئۆتكەزدىلەر نەزرى - نىياز،
جۈملەنىڭ كۆڭلىدە يۈز سۆزى گوداز.
ھەر بىرىگە لوتپى ئېيتىپ بۇزرۇكۋار،
سۆھبىتى كەرەم ئەيلىدىلەر ئاشكار،
خان بىلىنى خان ئەيدى بەگەر نىدەتي،
مەسلىھەت شۇلدۇر ئۆلەرگە قول بىرەي.

كەرەم شامىنە ئۆلەردىن يەتسە بوي،
تاڭلا مەھشەردە تاپارمەن ئابىروي.
خىزمىتى پىر ئەيلىگەيمەن بەئىدەزىن،
تەيلەيىن بۇركۇت، شۇڭقار - لاچىن.
باشلىرىدىن بۆرك دەستارىن ئېلىپ،
خەلق ھەمە بويندا ئارغامچا سېلىپ،
ئىتتىپاق ئەيلەب ھەمە قول بەردىلەر،
قالىمدى قول بەرمىگەن بەگزادىلەر.
گول - گول ئۆلدى خوجا پىر توفشان،
راست يولدىن كۆرگۈزۈپ ئەلگەنشان.
گاھ شەرىئەتدىن سۆخەن سويىنچ ئۆلدىلەر،
گاھ تەرىقەت دىن دۇرگۇنجى ئۆلدىلەر.
پەيزى بىر بالايى پەيزى تۈن - كۈن،
خەلقنىڭكى ئاھىدىن چىقتى تۈتۈن.
خانىقاھى سالدىلەر ئول يەردە ھەم،
ھەزرىتى بۇزرۇكۋار خان بەھەم.
ۋەخپى ئېتىپ ئون بەش تاغارلىق چەزەمىن
تەيىن ئەيلەب شەيخ جارويكەشلەردىن.

## خان ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنى شەھەرگە تەكلىپ قىلغانلىرى

ئەيلىدى تەكلىپ خان ھۆشەند،
ئەمدى سەيرى ئەتسۇنلەر يۈرتى ياركەند.
بۇ موغۇلىستان ئىچىدە شەھەرلەر
چاھارباغۇ، جويبارو، نەھرلەر.
خەلق جوشى، خوروشى چون قىران،
ھەر تەرەپ مەسجىد ئاۋازى ئەزان.
ھەزرەتىڭگە نەزرى بۇ تاج كەمەر،
پايى تەختى رەختى ئون سەككىز شەھەر.
بىر تەۋەققۇپ بولسالەر ئاتقا سۈۋار،

پاك ئەيلەپ شەھرىدە گەردى غۇبار،
مەدرىسە تەييار ھەم ھەممامىلەر،
پاك ساپى بىرلە سۈبھى شاملەر.
خوجا ئۆلدەمدە سۈۋارە بولدىلەر،
لەشكەرو خان يول ئىچىگە تولدىلەر.
سەير ئېتىبان خان بىلەن بۇزرۇكۋار،
قارغىلىقنىڭ كەنتىگە چۈشتى غۇبار.
كۆردىلەركىم كەنتلەر ھەريان ئېرۇر،
ئوتراسى مەيدانۇ خارىستان ئېرۇر.

تۆرپە مەيدانىكى قۇملۇق تاشلىق،
ئۆنمىگەن ئول يەردە ھەرگىز ئاشلىق.
خانىغا ئەيدىلەرگىسى بۇ مەنزىلدە شاھ،
ئەيلەسەم بىر قەلئەيۇ يا خانىقاھ.
ۋاقت تەگدۇر خانىقا ئەتمەك كېرەك.
دىن ئىسلام ئەلگە ئۆرگەتمەك كېرەك.

## ھەزرىتى خوجائى بۇزرۇكۋار قاغىلىق مەۋزەئىدە خانىقا بىنا قىلدۇرغۇنىچە ئەسرار ئىلاھى بولۇپ، بىر ئەزىزدىن مۇشاھىدە قىلغانلىرى

چون ئىشارەت قىلدىلەر بۇزرۇكۋار،
جەمئى بولدى نەچچە سوپى پەيكار.
بىرسى بالچىق ئەتتى بىرسى قويدى خىشت.
كەلدى ئاندىن بويى ئاسارى بىھىشت.
تۆت تامىنى قوپاردى سوپىلەر،
كېچە ياتىپ ئەرتەسىگە كۆردىلەر.
بىر تىمى باشىدىن ئاياغ ۋەيران ئىرور،
سوپىلەر ئەيدى كىشى قىلغان ئىرور.
تام قوپاردىلەر يانا تا ۋەقتى شام،
تەڭ قىلىپ ئۈچ تامنە تا بالايى بام.
ياتتىلەر بەداز نامەزى بامداد،
بىر تىمى ئۆچتامدىن ئەتىمىش خەيربىاد.
ئۈچ مارتەپ تام قوپاردى سوپىلەر،
كېچە قىلدىلەر كېلىب زىروزەبەر.
خوجا تۆتىنچى كېچە ئولتۇردىلەر،
پاسىنى ئىدوركى ئالغايەن خەۋەر.
كىم يىقىتۇر دەپ كىلىپ خەلقى جاھان،
قالدىلەر ھەيران تامامى سوپىيان.
نە كۆرۈرلەر روبىرودىن نىم شەپ،
ئەشتىرى ھەستىزى يېتىب كەلدى ئەجەپ.
كېپتى بىرلە تامنى ۋەيران ئەيلىدى،
خىشتلىرىنى يەرگە يەكسان ئەيلىدى.
خوجا پەرياد ئەيلەدىلەر ئى شۇتۇر،
تامنى يوق قىلغان نىجان سەن مۇنداتۇر.
ئوشتۇر ئەسلىگە كىلىپ قىلدى سالام،
ئەيدى ئى موللا شىرىپىڭ نىك نام،
موللا خوجا ئەھمەدى ھەر مىز مەن،
ئەۋلىيالەرنىڭ قىلىچى ئىزىسەن.
شەھرى ھەرەمزدىن كىلىپ ئەردىم بۇرۇن،
مۇندا قويدىلەر مېنى ئەل بى ئورۇن.
ياتتى يانىدا مېنىڭ بىر كاپىرى،
نەپسى شەيتانىنىڭ خەرىيۇ چاكىرى.
بىر چۆيۈن بۇت قامىتى ئادەمچە بار،
بىر كۆپ ئالتۇن لەبالەپ بەرق ئۇرار.
شۇملۇقىدىن بەسكى بى ئارام ئىدىم،
ھېچ كىشى بىلمەس ئىدى كەم نام ئىدىم،
قەۋرەم ئۈستۈن سىز كىلىپ تام سالدىڭىز،
ئىشنى پۇختا قىلمايىن خام قىلدىڭىز.
خوجا بولدىلەر جۇنۇندىن شۇئلەرىز،
ئەيتتى كىم بۇ سۆزنى غايىب ئۆلدى ئىزىز.
زۇلمەتى شەپ ئەزم ئېيتىپ ۋەقتى سەھەر،
سۆزبەي سادىق ئۆرلەپ ئولتۇردى قەدەر.
جەمئىيەت بىرلە توقۇپ ئاندا داراز،
خەتمە ئەيلەب ۋەردى ئەۋرادى دراز.
تام تۇۋۇسنى كولا دەپ ئەمرى ئەتتىلەر،
خەلق كولاپ تۇرغۇچە خان يەتتىلەر.
ئەيدىلەر بۇزرۇكۋارىم نىتر نەدۇر،
كولاتۇرلار تامىنىڭ ئاستىنى چۇقۇر.
خانىغا مەلۇم ئەتتىلەر بۇزرۇكۋار،
راز پىنھاندۇر كۆرەرسىز ئاشكار.
بىر ئەزىزى شەھرى ھەرەمز دىن كىلىپ،
مۇندا ياتىپتۇر كېچە بىزدىن كىلىپ،
سوردى قەۋرەم ئۈزرە تام قىلماق نى دۇر،
پۇختادىن سەۋدايى خام قىلماق نى دۇر.

قەۋرىم ئىچىلىك سىز ئىچرە گەنجى بار،
گەنج يانىمدا ئۈچۈن مىڭ رەنجى بار.
ھەمرايىم بىر بۇت ئىرورھەم بۇت پەرەست،
سىز كېلىپ سىزدەست بىر بالايى دەست.
تەختى بەندى تەندە سىز ھالا ھايات.
بۇت پەرەستبۇتىدىن مىنى ئەيلەڭ نىجات.
ئىلتىماس ئەتكەچ ئەزىزى مېھرىبان،
ئەمرى قىلدى يەرنى كولاڭلار دىبان.
ئۇشبۇ سۆز ئۈستىدە ئەردىلەر بۇلەر،
قىچقىرىپ كەتەنچىلەر بەردى خەۋەر.
بولدى بىر قەبرى نامايان بۇ مەھەل،
سۇرىتى ساندۇق دەستۇرولئەمەل.
كۆردى قەبرە ئىچرە ئول ئەھلى ھوزۇر،
كاپىرى بۇت بىللە ياندا شىپ ياتۇر.
تازا يەرنى ئەمرى بىلەن ئويدىلەر.
ئۇستىخاننى ئۇيەردە قويدىلەر.
خان بىلەن بۇزرۇكۋارى باخەبەر،
سەلتەنەت مەيدانىدە تاپقان نەزەر.
تازە ئۇلتۇرغۇزدىلەر ئول يەردە نەقش،
ھەم مازارۇ - خانىقاھى پەيز بەخش.
روزەدار ئەھلىنى ئىپتار ئەتتىلەر،
خانىقاھى تەرز تەييار ئەتتىلەر.
موھۇر باسىپ بەردى شەيخ ئىلكىگە شاھ،
بىر كۆپ ئالتۇندۇر خىراجى خانىقاھ.
سەرپ قىلسۇنلەر بۇ ئالتۇننى تامام،
شەيخ، جارۇبكەش، مۇئەززىن، ھەم ئىمام.
ئون ئۆيلۈك قۇلنى ساتىپ ئالدىلەر،
ئون ئۆيلۈك قۇلنى ئازات ئەتتىلەر،
يەنە ئاتمىش پاتمان يەر ئالدىلەر.
ئاتمىش پاتمان يەر ۋەخپە ئەتتىلەر.
چوڭ چۆيۈن بۇتنى قازان ئەتتۇردىلەر،
كۈندە ئاشۇ - كۈندە نان ئەتتۇردىلەر.
باقى ئالتۇننى خۇدايى قىلدىلەر،
نەزرى ئىتىپ مىسكىن پەقىرغە بەردىلەر.

## ھەزرىتى خوجا بۇزرۇكۋار ئابدىرىشىتخان بىلەن ياركەندگە كېلىپ چۈشكىنى

نەچچە كۈندىن سوڭ يەنە بۇزرۇكۋار،
خان - مۇخلىسلەر بىلەن بولدى سۇۋار.
يۈرگىلى خوردە كالان سەئيى ئەتتىلەر،
كۈن پىشىن ئەردى شەھەرگە يەتتىلەر.
كىردىلەر ئاخىر كېلىپ دەرۋازىدىن،
جەمئى بولدىلەركى خەلق ئاۋازىدىن.
ئەيلىدىلەر شەھەرنى ئايىنە بەند،
كۆشەگە ئالدى ئۆزىنى ھەرلە ۋەند.
مەجلىسى ئالىئى بونىياد ئەتتىلەر،
پىر ئالەم گىرنى ھەم ياد ئەتتىلەر.
كەلدى ئەتراپى جاھان تاۋاپ ئۈچۈن،
چۈن سىراتەلموستەقىم بى خەۋپ ئۈچۈن.
ئالىمان مولىك - دەرۋىشان مۇلىك،
بىر - بىرىنى كەلتۈرۈپ خوشان مۇلىك.
زالىمانۇ- ئالىمانۇ بى ئەمەل،
تەۋبە ئەيلەپ يىغلىشىبان ئۇشبۇ مەھەل.
ئاخىرى شاھۇ گادا قول بەردىلەر،
كىمكى قول بەردى ئاگا يول بەردىلەر.
كەتتىلەر ئاندىن كېيىن بىر - بىر سىپاھ،
خالى بولدى خەلقتىن خەرگاھى شاھ.
خانىغا ئەيدىلەر بۇ يەردە يىل-ئاي،
ئىززەتۇ ھۆرمەت بىلەن تاكى تۇراي.
بارماقىم مەشھەتكە جايىمدۇر بۇكۈن،
بولمىشاي بۇ تۇرماغىدىن بۇرناكۈن.

## خوجا بۇزرۇكۋار ياركەندىن مەشھەت تاۋابىغا بارغانلىرىنىڭ بايانى

ئەيتىبان خانغا بۇ سۆزنى ئاشكار،
يۈردىلەر يولغا كىرىپ بۇزرۇكۋار.
خان بېرىپ بىر كۈنچەلىكتىن خوبلىشىپ،
جەزبەدىن قاينار قازان يەڭلىغ تاشىپ.
راھ راۋان ھەق بىلە ئول راھبەر،
قەشقەر شەھرىگە داخىل بولدىلەر.
ياركەند شەھرىدە بولدى بەر قارار.
كەتتىلەر مەشھەتكە سارى بۇزرۇكۋار.
مىنمەي ئاتۇ، ئۇشتۇرۇ، تۇتمىيۇ خەر،
ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچرە مەشھەت باردىلەر.
كېچە تىنماي يول يۈرۈبان ئاتتى تاڭ،
ھەم ئاياغلىرى يالاڭ ھەم باشى يالاڭ.
بەلدە ئاغرامچى تەندە بىر كەلىم،
خەلق ئالەمگە سەلىپشورى ئەزىم.
تازە غوسلو ئەيلەپ تاھارەت قىلدىلەر.
قەبرى سۇلتاننى زىيارەت قىلدىلەر.
قەشقەر شەھرىدە ھەر خەلقىكى بار.
ئاڭلىبان ئاۋازەئى بۇزرۇكۋار.
كەلتۈرۈپ نەزرە - نىيازو قويدىلەر،
نامرادۇ - كەمبەغەلگە بەردىلەر.
ھەر نىيازۇ - نەزرە كەلسە ئالدىلەر،
خەرج ئېتىبان خانقاھى سالدىلەر.
شاھ ياتقان يەر ئۈزرە قەبىر ئەتتىلەر،
تۇت تەرەپكە پەنجىرە تۈغ تىكتىلەر.
قىلدىلەر تەييار ئۇستا دان ھۇش،
سەبزە مەرقەد ئۈزرە كاشى قەبىر پوش،
مەسجىدۇ . كولۇ ، زىيارەتگا ئېتىپ .
بارچە سېنى پى سەبى لوللا ئېتىپ ،
يەتتە پاتمانلىق زىمىنۋەخپ ئەيلىدى .
ئالتىن ئارتۇشداكى ۋەخپ تەيىنلىدى ،
شەيخ جاروبكەشلەرىن ئولتۇرغۇزۇپ .
نەچچە قۇلنى خىزمىتىگە تۇرغۇزۇپ .
كۈندۈز ئەلگە تارقىتىبان نان بىلەن .
كېچەلەردە ھەزرىتى سۇلتان بىلەن .
سەرپ ئېتىپ كەلگەن تامامى سىم زەر ،
يەتتە يىل جارۇبكەشلىك قىلدىلەر .
ئىككى-ئۈچ يىلدا خانۇ مۇھتەشەم ،
تاۋاپ مەشھەت ئەيلەر ئەردى باھەشەم.
خوجادىن تەقسىر ئېلىپ ئاندىن كېيىن،
نەزىر ئېتىپ كىمخاپ بولغان تونىن .
خوجا خان ساھىپقا رۇقسەت بەردىلەر ،
يول يۈرۈپ ئۈچ كۈندە كەلدىلەر شەھەر .
شەھەر ئىچرە قالمىدى پىرو - جۇۋان ،
كۆرۈنۈشكە چىقتىلەر ياخشى-يامان .
ساچتىلەر خان باشلىرىغا سىم زەر .
پايتەخت ئۈزرە چىقىپ ئولتۇردىلەر .

## ئابدىرىشىت خاننىڭ پەرزەنتلىرى ئابدۇلتىپ سۇلتان قىرغىزغا چىقىپ شەھىد بولغانلىرىنىڭ بايانى

ئول زاماندا بار ئىدى پەرزەندى خان ،
بىر نەپەس ئايرىلمايىن دىلبەند جان .
ئاتلىرى ئابدۇلتىپ سۇلتان ئىدى ،
قەشقەر سەر ھەدى ئۈزرە خان ئىدى .
ھەر يىلى يىل باشىدا بونىڭ زات ،
جۇملە قىرغىزدىن ئالۇر ئەردى زاكات .
ئابدۇلتىپ خان ئاتلىنىبان چىقتىلەر ،
قىرغىز ئۈزرە بارغىلى تاغ ئاشتىلەر .

قىرغىز ئايماقى تاپىپ تاغدا ئورۇن ،
جەمئى بولدىلەر ئالا يۇرتلۇق بۇزرۇن .
ئەيدىلەر بەردە سىزنى ئەمدى بىز زاكات ،
كەلسە قورشاپ لەشكەرى گەر يەتتى قات .
بەلكى سۇلتان ئۆزلىرى ئاتلانسالەر ،
ئەيلىگەيمىز لەشكەردىن زىرۇ - زەبەر .
يەتتى سۇلتانغا بۇ سۆز باشتىن-ئاياغ ،
تىرە بولدى كۆزلىرىگە باغۇ - راغ .
شەھەر - سەھرا خەلقىدىن كەلتۈر چېرىك ،
بولسا بۇ دەشتۇ باياۋان پۇر چېرىك .
بەگلىرىگە ئەيدى غەيرەت ئەيلىگىز ،
دىنى ئىسلامنىڭ ئىلىكى دۇر ئىگىز .
ھەددى بولغاي قىلغىلى بىز بىلە جەڭ ،
قىرغىزۇ - بى زەھدى مۇردا رۇدۇبەڭ .
يۈكلۈتۈپ خەرگاھ چەندان خىمەلەر ،
جۇببەيۇ جۇشەن كىيىپ قىل قىمەلەر .
ھەم سىپاھىدىن باھادىر مىڭ كىشى ،
ھەر بىرى ۋەقتى بالادۇر مىڭ كىشى .
مىلتىق ئوتىدىن جاھاندۇت ئەيلىبان ،
نەيزەلەرنى زەھەر ئالۇد ئەيلىبان ،
باشلىرىغا تىكتۈرۈپ توغۇ-ئەلەم ،
يۈردىلەر قىرغىزنى ئىزدەپ لاجەرەم .
تاپمىدىلەر تاغلەرنى ھەم كەزدىلەر ،
ئاقىۋەت سۇلتان چاپاۋۇل ئەبەردىلەر .
تاغ ئۈزەسىدە قاراۋۇل بار ئىدى ،
چىقسالەرگەر توغ ئۈنى ئىلغار ئىدى .
ئولتۇرۇپ ئەردى قاراۋۇل نابىكار ،
كۆردى سەپ - سەپ لەشكەرى جەڭگى غۇبار .
چۈشتى تاغدىن ئىز ئىراپ ئەيلەپ بۇقول ،
بىر كىگىز قالپاق كىيىپ بىر ئەسكى جول .
باردى يايلاق ئۈزرە ئەيلەپ ئەلھەزەر ،
يەتكۈزۈبان جۈملە قىرغىزگە خەبەر .
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىبان ئەركەك چىشى ،
يىغىلىپ يايلاققا ئون بەش مىڭ كىشى .
ۋەھىمىدىن بارچە ئىرانلەر قاچتىلەر ،
تاشلىبان مەزلۇمى قىز تارقاشتىلەر .
يول يۈرۈبان نەچچە كۈن بى ئاشۇ-نان ،
ئاخىرى پامىلدا قىلدىلەر ماكان .
بىر نەچچە سۆز ئەمدى سۇلتاندىن ئىشىت ،
دەردىبىرلە ئەيتايىن جاندىن ئىشىت .
لەشكەرى سۇلتان ئۆتۈبان تاغدىن ،
ئات سالىپ قىرغىزغا ھەر ئايىاقىدىن .
كۆردىلەر يايلاق ئىچىدە ھەر قايان ،
ئات-قوي ئۈشتۈرۈ قىزۇ - جۇۋان .
ھەر تەرەپتە قىرغىزۇ قويلەر سەمىز ،
مەۋج ئۇرۇپ ئۆيلەردە ئىرانۇ-قىمىز .
ھەم قىتىقۇ ھەم سىرىق ياغۇ - قۇرۇت ،
ياغلىدى لەشكەر سىرىق ياغدا بورۇت .
يوق ئىدى يايلاق ئىچىدە ئەر كىشى ،
ئولجا چۈشتى ، بىر كىشىگە مىڭ چىشى .
مالۇ ئەمۋالىنى تاراج ئەتتىلەر ،
سىملىغان ئالتۇنلىنى تاج ئەتتىلەر .
ئىلغىبان قىزۇ - جۇۋاندىن پىلھال ،
ئالدى سۇلتان دۇختەرى ساھىبجامال .
كېچە-كۈندۈز ئولتۇرۇپ ئىشرەت بىلەن ،
بار ئىدىلەر ئۇشبۇ كەيپىيات بىلەن .
قىرغىز ئاڭلاپ جەمئى بولدىلەر ھەمە ،
جەم بولۇپ پامىلغا تولدىلەر ھەمە .
بەللىرىگە باغلىبان ساغداقلەر ،
نەيزىدىن بولدى نەيىستان تاغلەر .
يەتتىلەر يايلاق ئۈزە ۋاختى سەھەر ،
لەشكەرى سۇلتان ئىدىلەر بى خەبەر .
ياتىپ ئىدىلەر سىپاھىلەر ياين ،
ئاتلىنىپ جەڭ قىلغۇنچە ئۆلگۈرتەيىن .
ئارقا-ئارقادىن كېلىپ ئات سالدىلەر ،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە قالماي ئالدىلەر .
بەزلەرنى تاغدىن تاشلاپ تۇۋەن ،
بەزلەرنى چاپتى ئاتىپ يالتۇ بىلەن .
قەيزەسىدىن چىققىچە بۇ ئاپتاپ ،
لەشكەرى سۇلتاننى قىلدىلەر خاراپ .

بەلكى سۇلتاننى تۇتۇپ ئۆلتۈردىلەر ،
بى ھايايۇ ، بى ۋاپا ، بى پەرلەر .
بۇ خەۋەر ئابدىرىشتخانغا يېتىپ ،
خان قارالىغ بولدى لەشكەر جەم ئېتىپ .

## ھەزرىتى ئابدىرىشتخان پەرزەنتلىرى ئابدۇلتىپ سۇلتاننىڭ شەھىد بولغانلىرىنى ئاڭلاپ مەشھەتكە بارغانلىرى

ئەيدىلەر مەن ئەۋۋەلا مەشھەت باراي ،
ئاندا سۇلتانۇ پەردىغا يالباراي .
ئىلتىپات ئەيلەپ مەدەتكار بولسەلەر ،
مۇشكۇلۇم ئاسان ئېتىپ يار بولسالەر .
بىر نەپەس ئولتۇرمىغايمەن سۇبھى شام ،
ئالمايمەن قىرغىزلەردىن ئىنتىقام .
نەچچە مىڭ لەشكەر ئېلىپ ئەزىم ئەتتىلەر ،
سەئيى ئېتىپ مەشھەت ئىچىگە يەتتىلەر .
تاۋاپ ئېتىبان مەشھەت سۇلتان ئىشىق ،
خوجانىڭ خىزمەتلىرىگە جان ئىشىق .
نى ئۆتتۈپتۇر قىلدىلەر ساھىپ قىران ،
ماجارايى قىرغىزى بىر ـ بىر بايان .
خوجائى بۇزرۇكۋارى پاكباز ،
ئاڭلىبان بۇ قىسسەنى دەردو ـ داراز .
ھەزرىتى سۇلتانغا مەلۇم ئەتتىلەر .
خان ماتەمدارىنى كۆرسەتتىلەر .
سائەتىدىن سوڭ جەمئى ئەۋلىيا ،
كۆز تىكىپ تابار كاھى كىبرىيا .
ئالەمى روھانىيەتتىن كەلدىلەر ،
ئاستانە پۇر بولۇپ دەھلىز دىۋار .
ھەزرىتى سۇلتان دىنپەرۋە چىقىپ ،
پىشەدىن گوياكى شىرى نەر چىقىپ ،
خاننى مەشھەت سەھنىدە ئولتۇرغۇزۇپ ،
جۇملەئى قىزغىزنى سەپ ـ سەپتۇرغۇزۇپ .
ئەيدىلەر كىم غازىلەر سەر دارى بىز ،
جىلۋەئى كەلتۈردىلەر شەمشىرۇ تىز .
نەئرە تارتىپ باشىنى كىم چاپتىلەر ،
خانغا ئەيدىلەر جازاسىن تاپتىلەر .
جۇملە قىرغىزلەرنى بىز بەردۇك ساڭا ،
ئىختىيارىڭ قانچە دۇر بەرگىل جازا .
مالۇ ئەمۋالىنى مىسكىنلەرگە بەر ،
غەم يىمە مۇندىن كېيىن تاپتىڭ زەپەر .
بى قىلىچ ، بى نەيزە ، ۋە بى ئوق يا ،
خىزرى پەيغەمبەر بىلەن قىرىق ئەۋلىيا .
ھەمرايىڭدۇرلەر ھەمىشە يولغا كىر ،
ئەۋۋەل ئەردىڭ كىرپە بولدۇڭ ئەمدى شىر .
ھەم ئۇ چالىرىنى قويدىلەر سىلاپ ،
ھەم كۆتەردىلەر زېمىندىن بى ھىجاپ .

## ھەزرىتى ئابدىرىشتخان لەشكەر ئېلىپ قىرغىزغا بارغانلىرى

يۇردى خان قىزغىز ئۈزرە تارتىپ چېرىك ،
تۇشەئى تالقاننى ئارتىپ چېرىك .
ئىزدە بان قىرغىزنى ھەريان چاپتىلەر ،
ئاقىۋەت ئىسسىق كۆل ئۈزرە تاپتىلەر .
بولدىلەر دەريايى لەشكەر روبىرو ،
چىقتى قىرغىزلەر چېرىكىدىن غەرو .
خاھى پىرۇ خاھى بەرناۋە گۆزەل ،
بىر كىدىلەر خان كېلىپ قىلدى قەبەل .
ئالدىلەر بۇكوھ ھىسار ئىچرە قاماپ ،
ئوق ئىچىدە كەتتى قىزغىز بى ھىساپ .

قالغىنىنى ئەيلىدىلەر قەتلۇ-ئام،
بىر ئۇرۇق قىپچاق قىلەردىن ئىنتىقام.
ئانچە ئەمۋالىكى بۇيا قالاقتا بار،
لەئلى مەرۋايىت، ھەم كىمخاپ تاۋار.
جۇملەسىنى سىزلەرگە ئىنئام ئەيلىدىم،
مۇددىئالەرنى سەرەنجام ئەيلىدىم.
ئون يىگىرمە چوڭلىرىدىن باغلىۋال،
ئاپتابى ئۆمرىنى ئەيلەي زاۋال.
كاشىغەر خەلقى تاماشا ئەيلىسۇن،
پادىشاھى رەھمۇتۇللادۇر دىسۇن.
ئەيلىبان بىر - بىر بۇ سۆزلەرنى بايان،
يەتتە نۇسرەتلەر بىلەن ئاتلاندى خان،
تۇغ - بايراق بىرلە خان چۈشتى شەھەر.
كاشىغەر ئىچرە كىلىبان چۈشتىلەر،
شەھەرگە پۇر بولدىلەر پەۋجى سىپاھ،
مىرغەزەپلەرگە ئىشارەت قىلدى شاھ.
ئۇنچە قىرغىزنىڭ تونىنى ئالدىلەر،
مۇردەسىن خەندەك ئىچىگە سالدىلەر.
باز ئۇنىنىڭ تىرەسىن سويدۇردىلەر،
ئولكى مەزلۇمدۇر تىرىك قويدۇردىلەر.
تاڭلاسى چۈش بىرلە مەشھەتگە بىرىپ،
تاۋاپ سۇلتان ئەيلەدىلەر يالبارىپ،
ئەيدىلەر مەرقەدگە باقىپ روبىروي،
دەۋلەتىڭدىن مۇنچە تاپتىم ئابىرۇي،

ئۆمۈر بى پىر ئۆتكەن ئەردى روز شەپ،
شۈكرى لىللاكى پىرىم بولدى سەبەپ.
ھەزرەتىڭ مەرقەدلىرىن قىلدىم تاۋاپ،
ئەيلەدىڭ ئاينەئى كۆڭلۈمنى ساپ.
بىزلەرگە پىر بولدىلەر بۇزرۇكۋار،
رۇقسەتى بولدى ئۇلەر ھەممە يانار.
غەيىپتىن ئۈن كەلدى بارغىل شاھ بول،
دىن دۇنيا يىرلەسەن ئاباد بول.
بولدىلەر خان ئول زامان ساھىپ نەزەر،
خوجانىڭ مەنزىل لەرىگە كىردىلەر.
ئەيتىپ ئى بۇزرۇكۋارى ھوشمەند،
قىتى بولدى بارساق ئەمدى ياركەند.
ئۆمۈر خىزمەتكارلىقتا سەرىپ ئېتەي.
خىزمىتىڭ ئەيلەپ مىرادىمغا يېتەي.
خوجا خان سۆزدىن ئاگا بولدىلەر،
خان ئادىل بىرلە ھەمرا بولدىلەر.
ئالتىن ئاتىشتىن چىقىپ ئۈچ كۈن يۈرۈپ،
كەلدىلەر ۋەقتى پېشىنگە ئۆلگۈرۈپ.
چىقتى ئىستىقبال ئىتىپ ئەل بىشىمار،
ئوردىغا چۈشتى كىلىپ خان ھوشيار.
شادىيانە چالدىلەر باڭ ۋە بەلەند،
تەرز دىگەر بولدى ئول كۈن ياركەند.
ياركەند شەھرىنى رۇشەن قىلدىلەر،
بوستانۇ - باغۇ گۈلشەن قىلدىلەر.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋار سەيرى تاماشا قىلىپ، مىشارنىڭ لىۋىگە كېلىپ، مەنزىل جاي خانىقا قىلىپ، سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغىنى

نەچچە ۋەقت نەچچە سائەتتىن كېيىن،
سەير ئەيلەپ يۈردىلەر يەر ۋە زىمىن.
بىلمىدى ھىچكىم بۇ پىرنىڭ سىرىنى.
خوجانىڭ ياتۇر يىرى يۇ جايىنى.
سەيرى ئېيتىپ بارا - بارا ئابى مىشار،
كوردىلەر ئاخىر كېلىپ لىبى مىشار.

پىر كېلىپ ئولتۇردىلەر بۇ ئەھلى ھال،
ئۇشبۇ مەنزىلدىن كېلۇر بويى ۋىسال.
بىر ئېرىق سۇ بار ئىدى ئول يەردە جار،
ئول سۇ يەردىكىم بۇلەك ئابى مىشار.
ئەيدىلەر تازا تاھارەت ئەيلەيىن،
مۇجىزە بەرگەن ئاسانى تىكلەيىن.

تون ۋە داستارىن ئېلىپ پىر تاشلىدى ،
ئول ئېرىق لىۋىگە ئاسا تىكلىدى .
پىر ئەگەر تازا تاھارەت ئەيلىدى ،
ئىككى رەكئەت شۈكرى ۋۇ زۇ ئەيلىدى.
ئەتتىگەندە كۆردىلەر تىككەن ھاسا ،
شاخى بىرگەز بولدى ۋەبەرگى راسا .
مەئلۇم بولدىكى دەرەختى خۇرمىدىن ،
بولماس ھەرگىز موجىزە مۇندىن كىيىن.
مەنزىلىم بۇ يەردە دەپ بۇزرۇكۋار ،
مەنزىل ئەتتىلەر لەبى ئابى مىشار .
خانقاھى ، مەسجىدۇ ، جۇي قازدۇرۇپ ،
گاھ تىلا ۋەت بىرلە سۇھبەتنى قۇرۇپ.
ھاجىتى مۇمىنلىگە ئەيلەپ دۇئا ،
ئولتۇرۇر ئەردىيۇ خوجا ئەۋلىيا .
تاۋاپ ئۈچۈن كەلدى تۆرپان يۇرتىدىن ،
ئاقسۇ ۋە كۇچار دولاننىڭ يۇرتىدىن .
ھەم خوتەندىن ئالىمۇ - دەرىشلەر،
مەردەمى يېڭىھسارى كاشغەر.
جەم ئولۇپ سوھبەتكە داخىل بولدىلەر،
تەۋبەدىن تەقسىر ئۆزرىدىن قويدىلەر.
پىر رۇشەن دىل نەسىھەت ئەيلىبان.
كورسە ئاغرىقلارنى سەھەت ئەيلىبان.
مەرىپەتتىن ئۆزگە ئۇرماي ھېچ ھەرپ.
گەۋھەر ئەيشان بولدىلەر دەريايى زەرپ
تالىبانى تەگرىگە ئەيلەپ بايان،
ھەم ماسايىل ھەم تەرىقى خوجاكان.
ئىككى ۋە ئۈچ كۈندە خان تەقسىر ئىلىپ،
خىزمىتى ئەيلەپ دۇئايى پىر ئىلىپ.
گاھى سەھراسەيرىن ئەيلەپ ئىختىيار،
بىلمەي ئەل قالغان مازاراتىگە بار.
توربىتىگە يەتكۈزۈپتۇغۇ - ئەلەم،
شەيخ جارۇبكەش قويۇپ ۋەخپىنى ھەم.
سەيرى ئېتىپ بۇ تەرزىدە بۇزرۇكۋار،
خانۇ - بىگۇ يۇرتىدىنئەل سەد ھازار.
ئەرگە شىبان ئاغزىدىن چىققان ھاۋۇر،
يەتتىلەر ئاخىر مازاراتى داۋۇر.
بۇ داۋۇرنىڭ ئالدىدە سايۋاغ ئىدى،
تۆھمىتى يالغانچىغا يايلاق ئىدى .

**ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ قاغىلىققا بېرىپ، داۋۇردىكى مازارنىڭ ئالدىغا بازار قىلماق ئۈچۈن سەئيى قىلغاندا، كەنتتىكى ئادەملەر كېلىپ، يىغىلىشىپ، بالا-بارقىمىز قىمارباز، لولى بولۇپ قالىمىز دەپ، مەنئى قىلغاندا، بىر قولۇڭ كەينىڭگە بولسۇن دەپ، يانغىنى**

كوردىلەر جايى چۇشۇپتۇر خوش ھاۋا،
خانغا ئەيدىلەركى ئى زەررىن قابا.
قەلئە ئەتسەڭ كىم بۇ يەردە ئورنىبار،
بىز كىتەرمىز قالغاي ئەلگە يادىگار.
ئەزپەي ئەمرى ئەيلىگەيلەر كەنت ئىلى،
يىغىلىپ ئەيدىلەر ئى خان ۋە ۋەلى.
يۇرتۇڭ ئەمنىيەت ئۈچۈن دارىل ئامان،
مۇندا شەھەر ئەتتۇر سەلەر بىزگە يامان.
بىز بولەك يۇرتىدىن ئەمەس ياركەندى بىز.
جارەسىكى بولغاي ھەمە پەرزەنتىمىز.
ياقىمار بازۇ زىناكارولەۋەند.
ناسازا كويى ھورۇن خودپىسەند.
ھەزرىتى بۇزرۇكۋار ئاچچىقلىنىپ،
قوپتىلەر خان بىرلە ئاندىن ئاتلىنىپ.
ئەيدىلەر يېپىلىشغاي ئارقاڭ سىنىڭ،
جارەسىكى بولغاي بالا-بارقاڭ سىنىڭ
كىمكى بۇغداي تىكتى ئول بۇغداي ئالۇر،

كىمكى جاي بەرسە كىشىگە جاي ئالۇر.
ئۇنىڭەندە كورمىدىڭمۇ بەد گۇمان،
ئارپاخاننىڭ دانەسىدىن ئارپاخان.
خانۇ لەشكەر خوجائى بۇزرۇكۋار،
خانىقاغە يەتتىلەر ئەيلەپ شىكار.
ھەر تەرەپ ئاباد بولۇپ دۇرخانىقا،
توشتىلەر بۇزرۇكۋارى پادىشا.

## ھەزرىتى بۇزرۇكۋار خان بىلەن بىر قەسبەھە بىنا قىلدۇرغانلىرى

ئەمرى قىلدىلەركى بىر مەيدان قىلىڭ،
خانىقا ئالدىنى شەھرىستان قىلىڭ.
قوپتىلەر خان باشلىغىن خىزمەت ئۈچۈن،
بەللىرىنى يەزمىدىلەر تۈن - كۈن.
شەھەر سەھرا خەلقى مولچەر ئالدىلەر،
يەرنى تەييار ئەيلىبان خىشت سالدىلەر.
سۇ يوق ئەردى قارغىلىق ئىچرە ھۇنۇز.
خەلق تەشنا سۇ ئۈچۈن ۋەقتى تومۇز.
ئەرز قىلدىلەر كېلىپ سۇ كەم ئېرور.
كەنتلەردە سۇ ئۈچۈن ماتەم ئېرور.
ھەر زىرائەتلەرگە سۇ يەتمەي قۇرۇغ،
ساچمادى ھىچكىم بۇ يىل يەرگە ئۇرۇغ.

## ھەزرىتى خوجا بۇزرۇكۋارنىڭ مەھەممەت مىرۋەلى سوپۇمنى قىچقىرغانلىرى

بۇ ھىكايەتنى ئىشىتتى خەلقتىن،
خوجا قىچقىردى سوپىدەپ مەككىدىن.
بىر ئېغىز قىچقىردى ئول بۇزرۇكۋار،
سۆز ئېيىشتىتى غەييىدىن ئول پاك باز.
سوپى ئۆلدەمدە ئىدىكىم مەككەدە.
سوز ئېيىشتىتىغەييىدىن ئول مەككەدە،
باز قىچقىردى ئىككىنچى ئون قىلدىلەر،
سوپى مەككىدىن چىقىپ يول كىردىلەر.
خوجا ئەيدىكىم نى يەردە ئەردىڭىز،
مەككىدە ئىدىم، پىرىم قىچقىردىڭىز.
ئەيدى مۇھەممەت ۋەلى سوپى بارىڭ،
سۇ باشىدىن ئاسايىڭىز سودرەپ كېلىڭ.
بۇ ھىكايەتنى ئىشىتىپ ئول زامان،
سۇ باشىغە بولدىلەر يەلدەك راۋان.
ياندىلەر يۇلغا ھاسانى سودرابان،
بولدى بىر تاشلىق سۇ ئارقىدىن راۋان.
ئول زامان سۇ ئارقىدىن غار قاردى،
نەۋە غەۋغادۇر دەپ ئارقا قاردى،
ئول جەھەتتىن بىر كىلور بىر يانغۇسى،
قارغىلىقنىڭ خەلقىغە سۇقايغۇسى.
قىل تاماششا قۇدرىتى ئاللاھىدىن،
ھەم كاراماتى ۋە لىيوللاھىدىن.
بىر نەزەر قىلغان بىلەن مەردانە كار،
بولدى پەيدا ئۆز - ئۆزىدىن جۇيبار.
ئۆتكۈزۈپ بازار ئىچىدىن قويدىلەر،
ھەم زىرائەت قىلدىلەر خەلق تويدىلەر.
نەچچە كەنت ئاباد بولدى بۇ سۇدىن،
كۆپ زىرائەت قىلدىلەر ئاندىن كېيىن.
قەريەئى ئۈچ يىلدا تەييار ئەتتىلەر،
ئاپىرىن دۇشەنبە بازار ئەتتىلەر.
ئولتۇرۇبان ئۆتتۇز ئىككى ھورپەگەر،
ھەم مازارى خانىقاھى جىلۋەگەر.

ئون بولۇرى قولنى ئازات ئەيلىبان.
قويدىلەر خىزمەتكە مۇئتاد ئەيلىبان.
ھەرنىيازى نەزرى كەلسە ساقلاماي
خانىقاغە سەرپ ئېتىبان يىلو ئاي.
شەيخ چارۇپكەشلىگە جاي بېرىپ،
سوپىلەرگە خوپ سەرۇپاي بېرىپ.
بەئىدە بۇزرۇكۋار خان ئاتلاندىلەر،
ئەرتەسى چۈش بىرلە كەلدىلەر شەھەر.
خان چىقىپ ئولتۇردى بىربالايى تەخت،
ئول مەھەل بۇزرۇكۋارى نىك بەخت،
مەنزىلى گەر ئەردى پەھلۇى مىشار،
بولدىلەر ئون يىل ئۇ يەردە بەر قارار.
ئون يىل ئىچىندە سوپى ھەمخىزمەت قىلىپ،
خىزمەتى پىرنى ئەگەر دەۋلەت بىلىپ.
كېچە - كۈندۈز سوپۇم ھەمرا ئىدى،
ھەرنەئى ئەسراردىن ئاگا ئىدى.
سوپى پەرزەنتىم ماڭا دەر ئەردىلەر.
بۇ مېنىڭ ئورنۇم ساڭا دەر ئەردىلەر.
خان ھېمىشە تاۋاپ ئېتەر ئەردى كېلىپ،
خىزمەتى شايەستە ئەيلەپ ئەمگەلىپ.
جەم ئۆلۈپ ھەر سائەتى شاھوگادا،
ئەيلىبان پىرى مۇرىدلىقنى ئادا.
ئۆتكەربان كۈندە يۈز نەزرۇ - نوزۇل،
ساقلىماي بىر پۇلنى بۇ ئەھلى قوبۇل.
ئون يىل ئىچرە خوجاتى دەرۋىش دوست.
مەسھەپى نەچچە كىتاپى تەخت پوست.
تەركى دۇنيا ئەيلىگەن مۇنداق كېرەك،
ئەھلى دۇنيالەرگە باغۇ - راغ كېرەك.
تاپتىلەر خوجا كامالاتى ئەجەپ،
تازە - تازە جەھد ھالاتى ئەجەپ.
بىر كېچە قۇرئانغە مەشغۇل ئەردىلەر،
كەلدى ئاۋازى خوشى ئەينى سەھەر.
سىپلەئى دۇنيا ئىچىندە تۇرمايىن.
غەپلەتى ئىسيان بىلەن ئولتۇرمايىن.
ئاخىرەت جابدۇقىن ئەيلەپ دەمبىدەم،
بۇزرۇكانى دىنگە بولغىل ھەم قەدەم.
كىم ئىچەر بىر قەترە سۇبىر پارچە نان،
قابىل ئەرۋاھىدىن تاپماس ئامان.
سەد ھازاران ئادەمى سەندىن بۇرۇن،
تاشلىبان كەتتىلەر دۇنيايى دۇن.
سەن سەپەر ئەنجامىدىن ئاغاز قىل،
ئالەمى بالا سارى پەرۋاز قىل.
خوجا بۇ ئاۋازىدىن مەست بولدىلەر،
مەستلىكتىن ئەندەكى پەست بولدىلەر
ئەمرى قىلدىلەر خەبەر قىل ئەلگە تېز
سىزلەرنى چىرلايدۇ ئول مەردى ئېزىز.
كەلدىلەر خانۇ - سۇپاھىسى بارچە يۇرت،
قالمايىن ئادەم بىغەيراز قۇش قۇرت.
تەۋبە ۋە تەقسىر ئەيلەپ تۇردىلەر،
روبىرودا خوجا خان ئولتۇردىلەر.
ئەيدىلەر ئى جەمئى بولغان مەردى زەن ،
مەركىدىن پارىخ ئەمەستۇر ھىچ تەن.
بىزگە نەۋبەت يەتتى بولغاي بۇ كېچە،
تاڭ سەھەر كەلدى نادايى ئۆزگىچە.
سىز قالۇرسىزلەر جاھاندا نەچچە كۈن،
چىقماغاي تاڭلا گورۇڭلاردىن تۈتۈن.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە تائەت ئەيلىگىز.
كۈندۈزى خەيرۇ سا خاۋەت ئەيلىگىز،
ئەيلىگىز غوسلى تاھارەتنى تامام،
زىكرى تەسبىھى تىلاۋەت سۇبھوشام.
گور قاراڭغىدۇر ئىچىدە يوق چىراغ،
كۆز يېشىڭىزدىن قۇيۇڭ مەشئەلگە ياغ
تاتىرىك بارسەن جاھاندا ماھوسال،
تەۋ بەدىن ئاغرامچىسى بوينۇڭغا سال
قوپ سەھەرلەردە خۇداغە نالە قىل.
ئەبرىدەك توككىل ياشىڭنى ژالە قىل.
مەغپىرەت قىلغاي مەگەر يەزدانى پاك،
ۋەرنە نەپسى ئىلگىدە بولغايسەن ھىلاك.
خان قوپۇپ ئەرز ئەتتى يىغلاپزارو-زار،
كىم قالۇر مەسنەدە يا بۇزرۇكۋار.

ئەيدىلەر مۇھەممەت ۋەلى سوپى قالۇر،
ئول دۇئادا رويى ئالەمنى ئالۇر.
ئام ئەگەر بارسا قاشىغە خاس ئېتەر
كىم ماڭا مۇخلىس ئاڭا ئىخلاس ئېتەر.
مەرىپەت دەرياسىدىن چىققان كەھىر،
جۇملەئى دەرۋىشلەرگە تاجى سەر.
سىنەسى پەيزى ئىلاھى بىرلە پۇر،
تەشنەئى مەردان دىنغە چەشمىدۇر.
تەختى پوست ئۈستۈن چىقىپ ئولتۇرسۇن ئول،
مەن كېتەرمەن جان شىرىن تۇرسۇن ئول
يەتتى توقسان يىلغە ئۆمرى نازىنىن،
بولمادىم بۇ نەپسى شەيتانىدىن ئەمىن.
سىزلەنى قىلغاي ئەمىن پەرۋەردىگار،
بىزلە تا ئاخشامىغىچە بۇ يەردە بار.
ئوت سالىبان نەچچەمىڭ پەرۋانىگە،
كىردىلەر زەۋق ئىلەتائەت خانىگە.
بورىيايى سالدىلەر ئاندا دەلىل،
قويدىلەر مەسھەپنى بالايى رەھىل،
رەۋنەقى جۇملە مۇسۇلمان ئەردىلەر،
ئولتۇرۇپ قورئان ئوقۇپ جان بەردىلەر.
ھوجرىدە بىر خىرمەنى گۆلدەك ياتىپ،
يۈزلىرى مەسھەپ يۈزى ئۈزرە پاتىپ.
خان بىلەن سوپى كىرىپ كۆردى بۇ ھال،
قالدىلەر ھەيران سەرگەردان لال.
بولدى مەھشەرگا مۇلكى ياركەند،
تۆردى ماتەمدىن خالايىق بەند-بەند.
ھىچ كىشى قالماي سىياپوش بولدىلەر،
ئات ئۇشتارغا قارا كەيدۇردىلەر.
ھەم شەبى يىلدا بولۇپ ئالەم يۈزى.
گەردئالتىن داقالىپ ئادەم يۈزى.
خەلقتىن چىقتى پىغانلار ھەر تەرەپ.
بولىمدى پەريادۇ - ئەپغان بىر تەرەپ
كەر بالادەك بولدى ئاخىر بۇ جاھان،
ئۆلتۈرۈپ مەھەممەت ۋەلىسوپى بىرلەخان.
سوپى رەختى بىرلە تېكىتلەر كېپەن،
سەپتىلەر سۇنبۇل بىلە مۇشكى خوتەن.
تەنلەرىنى يۇپ كېپەنگە ئالدىلەر،
بەئىدەزان تابۇت ئىچىگە سالدىلەر.
قويدىلەر مەيداندا خانپاك باز،
جەمئى ئولدىيۇ ھەمە قىلدى ناماز.
ئۇستىخانلەرنى مەدپۇن ئەتتىلەر،
خانۇ سوپى ئۆزلەرىدىن كەتتىلەر،
نەچچە سائەتتىن كېيىن خان دىلىر،
ئەيدىلەر بىزلەرگە بولغاي ئەمرى پىر.
ئىتتىپاق ئەيلەپ تامامى ئوك ۋە سول،
بەردىلەر مەھەممەت ۋەلى سوپىغە قول.
تەختى پوست ئۈستىدە ئولتۇردى سوپى،
يېڭىۋاشتىن سوھبەتى قۇردى سوپى.
تالىبانى ھەق ئەيلەپ بەر قارار،
پەيز بەردى سۆھبەتىدىن سەدھازار.
ھەزرىتى مۇھەممەت ۋەلى سوپى خوجام.
پەيز تاپتى سۆھبەتىدىن خاس ئام.
بەش كەنت ئىچرە مەۋزەئى زەيلىك ئارا،
ئەيلىبان ئۆز مالىدىن بەيئى شارا،
خانىقاھى ئاندا بونياد ئەيلىدى،
ئەھلى دەرۋىش بىرلە ئاباد ئەيلىدى.
يانا بىرنى قارغىلىق توگتاشتا،
قىلدى سىراپ ئەلنى نانۇ- ئاشتا،
خانىقاھى دىلكوشا قىلدى بىنا،
قارغىلىق دۇ كەنتىدە قىلدى يانا
سانجو كەنتىدەداغى تەدبىر ئېتىپ،
ئاندا ھەم بىر خانىقا تەمىر ئېتىپ.
ھەر بىرىگە بىر خەلىپە قويدىلەر،
شەنىگە لايىق ۋەزىپە قويدىلەر.
شەيىخ جاروبكەش ئاڭا تەيىن ئېتىپ،
ۋەخپى ئەۋقاپ ھەم ئاڭا تەيىن ئېتىپ،
خانىقاغە كەلدىلەر پىرۇ-جاۋان،
جەم بولۇپ ئاندا مۇھەببى خانىدان.
زىكرى ئىللەللانى تەلقىن قىلىپ،
سۇبھى دەمدە قول ئاچىپ ئامىن قىلىپ،

ھەلقە ئىچرە نەبىي ئىسپات ئەتتىلەر،
تەگرىغە يىغلاپ مۇناجات ئەتتىلەر.
ھەق رىزاسىدىن ئۆزىن ئەيلەپ پىنا،
زىكرى تەسبىھى زەلەمنا زەببەنا.
روتبە ئىچرە بارچەدىن ھەم سەربەلەند،
ھەم سولۇك ئىچرە تەرىقى نەقشەبەند.
تاكى بولغۇنچە بۇ دۇنيادىن ئەدەم،
قويمىدى پىرىن شەرىئەتدىن قەدەم،
ئۆمرى خورشىدى ئەجەل شام ئەيلىدى،
سۇبھىنى ماتەم سىيا پام ئەيلىدى.
جەم بولۇپ ئاندا خالايىق پەۋج - پەۋج،
يىغلىشىپ ئەلنىڭ سىرىشكى ئوردى مەۋج.
تۈشتى ئالەمگە ئاجايىپ ماجىرا
خەلق ماتەمدىن ھەمەكەيدى قارا.
شاھ باشلىق جۈملە قىلدىلەر نامازى،
خاھى ئالىم، خاھى بولسۇن ئەھلى راز.
ئاستان ئالىدا مەدپىن ئەيلىدى،
قەبرىنى ھەق نۇرى مەمنۇن ئەيلىدى.
ھەزرەتى پىرىم ئاياغىغە تۈۋاش،
ئەيلەكىم ياندىشتى ئاي بىرلە قوياش.
جەم ئولۇپ بىر ئاستانىدا ئىككى تەن،
شىرىغەرران بىرلە ئاھويى خوتەن.
قالدى بىر زاتى شەرىف ئەۋلادىدىن،
بىر نەپەس غاپىل ئەمەس ھەق يادىدىن.
ئاتلىرى چىپىپ خوجام ئاۋازەلىك،
تاپتى ھەر مىسكىن ئۇلاردىن تازەلىك.
ھەم شەرىئەت يولىدا ئاراستە،
ھەم تەرىقەت ئىچرە ئول پىراستە.
ئۆتكەرىبان ئۆمرىنى مېھمان بىلە،
خىزمەتى مېھمانىنى ئەيلەپ جان بىلە.
ئۆمرى خۇبلۇقتا ئۆتۈپ - ئۆتمەي ئەبەس،
بىر نەزەر ئاپقا نلاردىن خالى ئەمەس.
ئەللىگ-ئاتمىشغە يېتمىشتى ياشلىرى،
ئاقىبەت ئىمان ئولۇپ يولداشلىرى.
ئول ھەم ئەتتى بۇ دۇنيادىن سەپەر،
روھى جەننەت باغىدا تاپتى مەقەر.
بەس ئۇلەردىن سۆگرە كىم مۇسا غوجام،
ئولتۇرۇپ سەججادە دە قايىم ماقام.
قول قويۇپ خىزمەتلىرىدە نەچچە تەن،
ھاجەت ئەھلى ئىشىكنى ئەيلەپ ۋەتەن.
ھەلقە ئىچرە ئولتۇرۇپ نەچچە مورىد،
ھەر بىرى ئەردى ھىدايەتكە كىلىد.
چەكتى دائىم زىكرىنى ئەللەللاتى،
يولغا سىلىپ نەچچە يۈز گۇمراھلىنى.
شاھ لەر خىزمەتلىرىدە ئەردى قۇل،
شاھ دىمە بەلكى ئەيغىل چىزۇ گول.
ئۆتتى نەچچە يىل ئۇشۇل مەنۋالىدە،
تاپمايىن تەغىرى ماھى سالىدە.
دۇنيادىن ئول ھەم غەرىمەت ئەيلىدى،
ئالەمى باقىغە رىھلەت ئەيلىدى.
زاتى ئالى بۇ جاھاندىن بولدى دۇر،
قىلدى ئاندىن سوڭ بارات خوجام زوھور.
خانىقادە بولدىلەر مەسنەد نەشىن،
ئول ھەم ئەتتى ماتە قەددەملەر ئىشىن.
ياندا ئەسھابلەر جەمئى ئولدىلەر،
بارچە پەرۋانە ئوزى شەمئى ئولدىلەر.
كېچىلەردە يىغلار ئەردى شەمئى ۋار،
ئاخىرەت ئەندىشىسىدىن زار - زار.
سوپىلەرغە كۆپ ناۋاز شىلەر قىلىپ،
ئۆتتى دۇنيادىن ئەجەپ ئىشلەر قىلىپ.
چۈنكى ئاندىن سوڭ مەھەممەتشاھ خوجام،
مەسنەدى ئالىدا كىرگۈزدى قىيام.
بەردى ھەق ئەجدادىنىڭ ئورنىدا جاي،
مېھرى پىنھان بولدى گويا چىقتى ئاي.
بى ناۋالەرنى تاپىپ ئەيلەپ كەرەم،
مەتەكىپلەر بولسە بەزلى ئەيلەپ دەرەم،
ھەلقە ئىچرە كۈندە سۆھبەت ئەيلەمەك،
خەلق ئارا ۋەز نەسىھەت ئەيلەمەك.
نەچچە يىل تۇرئاغاز ئەيلىدى،
روھى ئۆز جايىغا پەرۋاز ئەيلىدى.
چۈن ئەزىز خەلپەم كىلىپ ئاندىن كېيىن،

خانىقادا بولدىلەر مەسنەد نەشىن،
ئالىمى مەنا ئارا ماھىر ئىدى،
ھەم كارامەت ئىشلىرى زاھىر ئىدى.
مەرىپەت دەرياسىدا ئەردى نەھەڭ،
ئالدىدا شاھۇ قەلەندەر ئەردى تەڭ.
ئەردىلەر ئۇز ئەسرىدە قۇتبى زامان،
خىزمىتىنى پەخرى ئېتىپ شاھۇ جاھان.
بىر نەچچە مۇددەتتىن ئول ساھىپ كامال،
ئەيلىدى دارىل باقاغە ئىنتىقال.
چۈن ھەسەن خەلپەم جاھانغا بولدى پاش،
يورۇتۇپ ئالەمنى ئانداغكى قۇياش.
شوھرىتى ئالەمغە ئەپشا ئەيلىدى،
شەيخلىق رەسمىنى بەرجا ئەيلىدى.
خانىقادا روز شەپ داش قاينىتىپ،
ھەر كۈنى شورپا بىلەن ئاش قاينىتىپ.
كارى دايىم ئەلنى مېھمان ئەيلىمەك.
خەلقلەرغە خەيرى ئېھسان ئەيلىمەك.
ھەلقەدە ئەلگە بېرور ئەردى سەبەق،
بەزمى ئىچرە پادىشاغا ھەم تەبەق.
گاھى دەرۋىشلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ،
گاھى ئالىملەر بىلە ئىلپەت بولۇپ.
گاھىسەھرانى قىلىبان ئىختىيار،
گاھىدەشتى ئىچرە قىلۇر ئەردى شىكار.
ھەم ساخاۋەت ئىچرە ھاتەم بەندەسى.
تۆھمەتەن ھىممەت ئارا شەرمەندىسى.
دۆۋلىتىدىنشاھلەر قىلۇر ئەردى ھەۋەس،
سىم زەر ئالدىدا گويا خارۇ خەس.
مۇددەتى بۇ يەڭلىغ ئۆتكەردى جاھان،
ئۆمرى باغى ئاقىبەت بولدى خازان.
بار ئىدى پەرزەندىكىم كەلشا مىلىق،
خەلق ئارا ئەمەت خەلپەم ناملىق.
ئىلتىپات ئەيلەپ خۇداۋەندى كىرىم،
مەنسەپى ئالىدا قىلدى مۇستەقىم.
شەيخلىققە ئۇنى مۇمتاز ئەيلىدى،
ئاستانى ئىچرە سەر ئەپراز ئەيلىدى.
تۇردىلەر ئەسھاپ بىلكۆل يانىدە،
جۇملە بولدىلەر ئىنىڭ پەرمانىدە.
ئۆرلەدى ئانەن پائانەن ئىززىتى،
شەھەر سەھرالارنى تۇتتى شۆھرىتى.
ئالەم ئەھلى ئانچە ئەيلەپ ئىھتىرام،
جۇملە ئالەمغە بولۇپ مەقبۇل ئام.
نەچچە يەردە ھويلا باغۇ بوستان،
بەرگۇسى ھەر بىرىسى جەننەتتىن نىشان.
قايسىغە مەيلى ئەتسە ئول ئازادەۋەش،
ئەزىم ئېتىپ كۆڭلىنى ئەيلەر ئىدى خوش.
كى شىكار ئەتمەك تەمەننا ئەيلىبان.
گاھ سەھرانى تاماشا ئەيلىبان.
قايسى ئىشنى كۆڭلى ئەيلەر ئىلتىماس،
قىلدىلەر ئانداغ ئالا ھازەلقىياس.
با ۋۇجۇدى مۇنچە دۆلەت بىرلە ئول،
ئاخىرەت ئەندىشەسىغە تاپتى يول.
پەيزى ھەق كۆڭلىنى پىر نۇر ئەيلىدى،
پىرلىق مۇشكىنى كاپۇر ئەيلىدى.
بىلدىكىم دۇنيا ئىشى بىھۇدەدۇر،
كىم ئۆلۈمنىڭ خەۋپىدىن ئاسۇ دەدۇر.
ئاھۇ كىم ھۆكمى قازا مۇتلەق ئېرور،
جۇملەزى جانغە ئۆلۈم بەر ھەق ئېرور.
پەقىر ئىلى بولسۇن ۋەگەر ئەھلى غىنا،
قالمەدى ئاخىر پانا بولماي يانا.
كىمكى كەلمىش ئاقىبەت بارغۇسىدۇر ،
كوكسىنى تىغ ئەجەل يارغۇسىدۇر .
كار دۇنيانى تەسەۋۋۇر ئەيلىدى ،
ئۆمرى ئوقبانى تەپەككۇر ئەيلىدى.
بۇلدىلەر تەمىر ئىتەرگە مۇشتەغىل،
قەسرىكىم بۇ ئاستانە نىسغە مۇتتەسىل .
ئەيلەسەم دارىلباقاغە ئەزمە رامە ،
ناتاۋان جىسمىمغە بولسۇن دەپىنگاھ.
دوست يارانلەر زىيارەت ئەيلەسۇن،
قارىلەر ئاندا تىلاۋەت ئەيلەسۇن .
مەقبىرىستانلىق بىنا قىلدۇردىلەر .

تەڭرىگە شۈكرى سانا قىلدۇردىلەر .
گۈمبە زوبىر چەھرە ئايۋانچاق ئاڭا،
لاجـودى كاشەدىن پەشتاق ئاڭا .
ھەر تەرەپتە تۆرپە ـ تۆرپە كۈڭگىرە.
رەڭدىكيۇ ـ رەڭدىكيۇ پەنجىرە.
ھەرسىتۇنى بىر ـ بىرىدىن ئۇستىوار .
سەقەپ دىۋارى ھەمە نەقشى نىگار .
مەنزىلىدۇركىم ئاجايىپ خوش ھـاۋا ،
ئاندا كىرسە جان قۇشى ئەيلەر ناۋا .
خالىقا قىلغىل ئىنىڭ ئۆمرىن ئۇزۇن ،
دەۋلەتىن دۇنيادا قىل مۇندىن پوزۇن.
يارەب ئۆز ئەسرارىڭگە گاھ قىل ،
ئۆلسە ئىمانىنى ئاڭا ھەمرا قىل .
سورىسا گەرتارىخىنى ھەم سالىنى،
بىرمىڭ ئۈچيۈز ئون بىرو تاۋۇق يىلى.
چۈن ئۆلەردىن قالدى ئىككى نەۋناھال،
ھەر بىرىسى پەزلىدە ساھىپ كامال .
چوڭلىرىنىڭ ئىسمى ئەمىرلىلا خوجام،
مەدەنى ئىلمى ئەمەل ساھىپ كەرەم.
رىغبەتەن‌تەرك ئەتتىلەر جاھى جالال ،
قال ھال شۇغۇل ئىتەرلەر ماھى سال.
كۆردى دۇنيابى ساباد بى‌مادار .
غەيرى ھەقنى تەرك ئېتىپبوكامىكار.
كۆركۈزۈپ دايىم ئىبادەتتە قىيام ،
كۆشەئى غىزلەتتە دورلەر سۇبھى شام .
روزى شەب ھەققە قىلىپ زارى خوشۇ ،
جانىبى ئۇقبا سارى ئەيلەپ روجۇ.
پەيزى ھەقتىن ھەم يېتىپ شايەد كىشىش،
بىر نەپەس غاپىل ئەمەستۇر يازۇـقىش.
بىرلەرى ئىسمى ھىدايەتخان ئىدى ،
مەرىپەت سىزلەر تىنىگە جان ئىدى .
قىبلە گاھى ئورنىدا قايىم ماقام ،
شەيخلىق توردە بىھەد با نـىـزام .
دەخمەئى شاھانە ئەيلەپ ئۇستۇۋار ،
خىسرۇۋانە مەنزىلونەقشى نىگار .
دەرگەھى پىرنى گۈلۈستان ئەتتىلەر،
مەدرىسە يەڭلىغ بىھىشتان ئەتتىلەر.
خوش ھاۋالىغدا بولۇپ باغى ئىرەم،
چۈن ئەسىب رەھمەت نەسىمىدەمبەدەم.
ئاپىرىن‌ئەيلەپ ئاڭا شاھۇـگادا،
ئاش ناندىن سـەير ئۆلۈپ ھەربى ناۋا.
بۇسۇپەت ئەۋساپى قىلسام ۋەسپى كۆپ،
سۆز مەتتول بولسا ئەرمەس ئانچە كۆپ.
چۈن بۇ يەردە ئەيلىدىم سۆزنى تامام،
مۇختە سەر قىلدىم كالامىم ۋەسسەلام .

نەشرگە تەييارلىغۇچى : سۈزۈك ،
ئومەر ئىسمايىل

ئەســەردە ئۇچـرايدىغان تىرمىنلەرگە ئىزاھات.

(1) ئەكرە مۇلئەكرەم ـ سەخىلەرنىڭ سەخىسى (2) جۇد ـ ساخاۋەت مەنىسىدە (3) گەنجى پىنھان ـ يىو ـ شۇرۇن خەزىنە ، ئالىتۇن كۈمۈش. (4) ئەرش، كورسى ـ دىنى كىتاپلەردا خۇدا تەرەپىدىن ئاسماندا يارىتىلغان قەسىرى ئالى ۋە جاھاز دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەرش ئۇستۈن دەرىكتۇر. ئاسماندىن كىنايە (5) تەھتى پەرش ـ تەھتەس سارادىن كىنايە . دۇنيادىكى تېگى ـ يەرنىڭ ئاستى (6) كرىككۇ ـ ئەقىل مۇشىدىن ئايرىلىپ قالماق ، لال بولۇپ قالماق (7) شىشە پوش ـ شىشە بىلەن يېپىلغان ، بۇ يەردە مۇز تۇتقاندىن كىنايە (8) ھاباب ـ بۇ يەردە ماۋجۇ ـ دىيەت دەرياسىدىن بىر تامچا ، ياكى كىچىك كىمە بىر پارچە دېمەكچى (9) رويى ئالەم ـ ئالەم يۈزى (10) دەشت ـ پەيغەمبەرلەرگە بولغان خاس ماختاش. (11) سەرۋەرى ـ باشلىقى (12) ساھىبى مىراج ـ مىراج قىلغۇ ـ چى دېگەن مەنىدە بولۇپ، دىنى راۋايەتلەرگە كورە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئاسمانغا چىقىپ سەيرى قىلمىقى (13) ئەبىن ـ كوز (14) مىل ـ بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن مىل ـ كوزنى كورمەيدىغان قىلىۋىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەرسە

(15) ئاتان - چولۋۇر (16) لات، مالات - بۇتلىرىنىڭ ئىسمى (17) سەبز ھازار - يۇزمىڭ (18) مەنقىۋبەت - چار يارغا مەخسۇس بولغان ئالقىش (19) غايىپ - ئورۇنباسار (20) بەندە-ئاندىن كېيىن دىگەن مەنىدە (21) زەھى-پەكمۇ دىگەن مەنىدە (22) ئاب - سۇ (23) ھەدەۋى زۇلپىقار - زۇلپىقار ئىسىملىك قىلىچنىڭ ئىگىسى (24) شاھى مەردان - مەردلەرنىڭ شاھى (25) دۇلدۇل سوۋار - دۇلدۇلغا مىنگەن دىگەن مەنىدە (26) زەلىل - خار مەنىسىدە (27) سۇبھۇ شام - تاڭ ۋە ئاخشام (28) ئاغاز - سوزنى باشلاش - (29) مورۇ-مار - چۈمۈلە ۋە يىلان (30) ئىمەدنىيەت - تەمنجىلىق - (31) بىدىسى - تىرولا، كېسوپ (32) مەسنەد - تەخت، ئورۇن (33) توربوت - گور (34) بى بونياد - قومۇروپ تاشلاش (35) غالدان سېرىن - 1745 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 10 - يىلى) ئاغرىپ ئۆلگەن جوڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان سېرىن نى كۆزدە تۇتىدۇ. (36) گولگون قابا - گۈلدەك ياسانغانلار، كىيىنگەن . (37) ساغىر - پىيالە . (38) بەھىرىدىل ئەنساپ - دەريايى نەسەپ. (39) شەجەرە توسسادات - سەيدلىق دەرەخ. (40) خاتەمەن نەبى-ئىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر (41) سىمۇ - زەر - كۈمۈش ۋە ئالتۇن. (42) مەردى كالان - چوڭ ئادەم (43) گوپتار - سوز (44) ئەدەم - يوق-لۇق - (45) دارىلقارار - بىرىپ توختايدىغان ئورۇن (46) جەزبە - سوزنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا ، پىغان تەگ-دى دىگەن مەزمۇندا ئىشلىتىلگەن. (47) ۋاھىدى لارەيىب - خۇدانىڭ بىرلىكىگە شەك يوق دىگەن مەنىدە (48) تۇشەنى تالقان - ئۇزۇقلۇق قىلىش ئۈچۈن تالقان ئالماق (49) ئابىلە - يول يۈرۈپ پۇت قاپىرتىش. (50) جوي-ئىرىق (51) شەھنە - جيەكچى (52) دوزۋار - ئوغرىدەك . (53) سەگگى سار - چالما گەزەك (54) بەسەس - كوچا مۇھاپىزەتچىسى (55) نەزم - بىر ياقىغا بارماق

نەۋ باھار ئەيپامى كەلدى نەزم گۈلشەن ئەيلەدىم،
كوزلەرىمنى گۈل جامالى بىرلە رۇشەن ئەيلەدىم،

(56) تورپە - فاھايەتى (57) مىرزا ئۇلۇغ - پادىشا مىرزا ئۇلۇغبەگ كوزدە تۇتۇلغان. (58) ھيىن - ۋاقىت - چاغ - (59) ئوتاغ - تۇرۇشلۇق ئۆي - جاي (60) ماسەۋا - دۇنيالىق، دۇنيانىڭ ئىش - كۈشلىرى

ۋاپا كورمەي جاھاندىن ئۆزنى تەركى ماسەۋا قىلدىم.
كېچىپ ئۆي خانىماندىن غارۇ - ئوڭگورلەرنى جا قىلدىم.

(61) مەھتاب - ئايلى يولىيۇرۇغى - (62) لاجەرەم - گەپنىڭ قىسقىسى (63) ئاللام - چوڭ ئالىم (64) ئىس - تىغراق - مەستلىك ، بىھوش بولۇش (65) يوقسۇل - سالتاڭ (66) نىم شەپ - يېرىم كىچە (67) ئىسپى روز - چۈش ۋاقتى - (68) تەركەش - يا ، ئوقيا ۋە ئوقنىڭ لازىملىق نەرسىلىرى (69) پەر توپچىيان - شوئىلەچېچىش (70) لىجام - ژوگەن (71) قۇرس - ئارپا نېنى. (72) ئەھمەد ياسىۋى - ياسىۋىلىك مەشھۇر ئىشان - قۇلھاجى ئەھمەد كوزدە تۇتۇلىدۇ. (73) قۇلزۇم - دەريانىڭ ئىسمى (74) كەشتى بان - كېمىچى (75) سەد - قەل - دىل ، سىر . (76) مەركەپ - مىنىدىغان ئۇلاغ (77) دەرمىيان - ئوتتۇرىغا سېلىش (78) ئالىمان - ئالىملەر (79) ھادى راھ - ھىدايەت يولىنى كورسەتكۈچى (80) مەرقەد - قەۋرە (81) شەبدار - كىچە ئۇخلى-مايدىغان كىشى (82) سەئوە - كىچىك بىر پەررەندە (83) شەھباز - قارچىغا (84) بونەسرى ۋەلى - ئابۇ نەسر سامانى كوزدە تۇتۇلىدۇ (85) كەرەم بەخشى - سەخى. (86) خاتا پوش - خاتانى ياپقۇچى (87) مەن - پەنىل - ئۇيالماق، خىجىل بولماق (88) جارۇپكەش - مازار، خانىقالەردە خىزمەت قىلىدىغان ئادەم (89) تىھ - ۋەججۇھ - تىكلەپ يۈز كەلتۈرۈش. (90) زەمزەم - ئۈي ، خىيال (91) نەمەك - توز (92) دەريايى شور - قىز - زىل دىڭىز (93) سالىيھا - يىللەر (94) تورپە تولغەيدىن - كوز يۇمۇپ ئاچقۇچى (95) قابىزۇلئەرۋاھ - ئەزرائىل. (96) تىپلە - گودەك، كىچىك بالا (97) پەرنا - ياش (98) كەپەك - كەكىلىك . (99) كوس - ناغرا (100) موسەللا - تەيەممۇم (101) تەبلە چوپ - ناغرانىڭ چوكىسى. (102) سور ئىسراپىل - ئىسراپىل ناملىق پەرىشتەنىڭ جانلارنى سولاپ ساقلايدىغان ئەسۋابى . دىنى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قىيامەت كۈنى جانلارنى قويۇپ بې-رىدىكەن، جان ئەسلى تەنگە كىرىپ ھەممە تىرىلىدۇ دىيىلىدۇ. (103) رامىدا - بوش قىزىيمۇپەتىمىش ، بوشۇتۇش (104) نامى سەرد - سوغۇق نام. (105) ھىجاپ - پەردە (106) ئەبىر - بۇلۇت (107) سەمبەر - مۇۋە ؟

(108) دىگى باياۋان - بىياۋان قۇملىرى . (109) پەرىيادەرس - پەرىيادنى ئاڭلىغۇچى . (110) ئوشتۇر ساۋار تۆگە ئۈستىگە مىنگەن كىشى. (111) هاۋا كەرم - هاۋانىڭ قىززىشى. (112) هاتەپ - غەيىپ

كەلدى هاتەپتىن نىدايى ئى كىشى هوشيار بول!
ئىنچ موۋانىڭ يادىسىنى ئال قەدەمگە ييار بول!

(113) دىلگىر - كوڭلى خاپىلانغان. (114) سۇبھى خىز - سەھەر تۇرىدىغان كىشى . (115) خەيرۇلبىلار - ياخشى جاي، ياخشى شەھەر مەنىسىدە. (116) هاسانىڭ شانە قىلمىقى - ئاسانىڭ كوكەرمىكى. (117) بەرق باد - چاقماق - شامال (118) كانجوت - جاي ئىسمى (119) داۋر - جاي ئىسمى. (120) بارەها - ھەممىشە. (121) قىتئەئى ئابى زەمىن - بىر پارچە يەر سۇ. (122) سەپەنج - سەللە (123) بىيىم - قورقۇش (124) روزى دەراز - ئۇزۇن كۈن. (125) موشام - دىماغ. (126) خارەستان - تىزناپ دەرياسى (127) ئاينەبەند - شەھەرنى بايرام تۈسىگە كىرگۈزۈش . بىزەش ، گوياكى، ئاينىدەك هالغا ئەكىلىش . (128) موھتەشەم - ھەشەمەتلىك. (129) جوش - بە جوشىن — بۇرۇنقى زاماندا ئۇرۇش ئۈستىدە قىلىچ، ئوقدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان ھەربى كىيىملەر. (130) كىربە - مۈشۈك. (131) باڭگى بەلەند - بەلەند ئاۋاز، ۋاقىراش. (132) زەررىن قابا - ئالتۇن كىيىملىك.

كوردىلەر جايى چۈشۈپتۇر خوش هاۋا،
خانىقا ئەيدىلەركى ، ئى زەررىن قابا

(133) قەسەبە - شەھەر. (134) ۋاراق - سەھىپە. (135) ئالەمى بالا - يۇقىرىقى ئالەم ، ئۇدۇنيا . (136) مەردو - زەك، ئەر ئايال. (137) مەرك - ئولۇم. (138) رەھىل - ئۈستىگە قۇرئان قويۇپ ئوقۇلىدىغان بىر ئەسۋاپ. (139) مەدپۇن - دەپنە قىلىش ، كومۇش. (140) رۇقبە - مەرتىۋە ، مۇقام. (141) تەردىقى نەقىشبەندى - تەسەۋۋۇپتىكى ( سوپىلىقتىكى) نەقشىبەندىيە سۇلكى. سوپىلەرنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ سولۇكنى قوللىنىدۇ. نەقشىبەندىيە، بۇخارادا ئوتكەن باھاۋىددىن نەقش بەندنى كورسۇتىدۇ. (142) سىيە پام - قارا رەڭلىك . (143) سەرەشىك - كوز يېشى. (144) كىلكى - قەلەم .

كىلكىنى بەرسەڭ ئەگەر غەددارگە،
كۆڭدە يۈز مەنسۇرنى ئاسقاي دارگە،

# مەھبۇبۇل قۇلۇپ

## ئەلشىر ناۋايى

**تەھرىردىن:** «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» («كۆڭۈللەر سۆيگۈسى») ـ ناۋايىنىڭ پەلسەپە، ئەخلاق، ئىلمىي قاراشلىرىنى بايان قىلغۇچى نەسرى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 905 ـ يىلى مىلادى (1500 ـ يىلى) يېزىلغان.

يازغۇچى بۇ ئەسەرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ھەرخىل ھۈنەر، كەسپ، پادىشالارنىڭ خۇي ـ پەيلى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا پۈتۈن ئۆمۈر بويى ھاسىل قىلغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، ئىلمىي نۇقتىدىن تۇرۇپ بايان قىلىدۇ.

ئەسەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن قىرىق بىر باپ 3 قىسىمدىن تەركىپ تاپقان. بىرىنچى قىسىمدا، يازغۇچى ھەرخىل ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ، ھۈنەرۋەن، كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. شاھ، ۋەزىر، قازى، سودىگەر، ئەمەلدار ۋە باشقىلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنى ئادالەت ۋە ئىنساپقا چاقىرىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئەخلاق، تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، يازغۇچى بۇ قىسىمدا ئەدەپ، سېخىلىق، ساداقەت ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

ئۈچىنچى قىسمى كىچىك تەلىمىي ھېكايىلار ۋە ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچى مەلۇم قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىك قائىدە ـ داۋلىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەسەر ـ يازغۇچىنىڭ مېھنەت ئەھلىگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ ئېنىق، مۇھەببىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى بىلەن بەلگىلىك رېئاللىقى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى بەزى

مەسىلىلەر دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن دىنىي نۇقتىدىن تۇرۇپ ئىزاھلانغان ۋە چۈ-
شەندۈرۈلگەن. ئۇ گەرچە ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيىسىگە قىلچە نۇقسان يەتكۈزەلمىسىمۇ، بە-
راق سەل قاراشقا بولمايدۇ.
بىز يولداش ئابدىرېھىم توختى نەشرگە تەييارلىغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ
ئەينى نۇسخىسىنى بەردۇق. كىتاپخانلارنىڭ پايدىلىنىش جەريانىدا پارتىيىمىزنىڭ مەدە-
نىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش پىرىنسىپى بويىچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈ-
مىت قىلىمىز.

ئاللاغا مەدھىيە ۋە رەسۇل ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ھەم سالام يوللىغاندىن كېيىن، ئەلشىر-پۇقرا-
لارنىڭ گادايى، تەخەللۇسى ناۋايى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ①

بۇ خاكسار، پەرىشان ھاياتىمدا ياشلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، قېرىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۈرلۈك ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن، زامانىنىڭ خىلمۇ-خىل پىتنە ئەنگىزلىرىدىن، زامانىنىڭ خىلمۇ-خىللىقىدىن ئۇزۇن زامانلار تۈرلۈك مۇشەققەتلىك يىللارنى بېسىپ ئۆتتۈم. ھەر خىل يوللاردا يۈگۈردۈم، ياخشى ۋە يامانلار سۆھبىتىدە بولدۇم. گاھ خارلىق كوچىلىرىدا نالە-پىغان چەكتىم. گاھ ئىززەت ۋە بايلىق بوستانىدا سورۇنلار تۈزدۈم.

## مەسنەۋى:

گەھى تاپتىم پەلەكتىن ناتوۋانلىق،
بەسى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىق.

(بەزى زاماندىن بىچارىلىقنى كۆردۈم. كۆپ قېتىم بەختكە ئېرىشتىم).

بەسى ئىسسىق-ساۋۇق كۆردۈم زاماندا،
بەسى ئاچچىق-چۈچۈك تاپتىم جاھاندا.

(نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى كۆردۈم ۋە نۇرغۇن ئاچچىق چۈچۈكلەرنى تېتىدىم).

بىچارە، ناتىۋان كۈنلەردە ئىلىم مەدرىسەلىرىدە ۋە ئالىملار مەجلىسلىرىدە بولۇپ، كۆزۈمنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتتۇم. گاھا تەقۋادار مەسچىتلىرىدە تەقۋادارلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە يۈزۈمنى قويدۇم ۋە سەجدەنىڭ كۆپلىكىدىن پىشانەمنىڭ تېرىسىنى سۈيدۇم. گاھا سوپىلارنىڭ خانىقاسىدىكى ئېرىقىغا سۇ قۇيدۇم. گاھا مەيخانا ساقىلىرى بىلەن ئابرۇي تاپتىم. گاھا

① مۇقەددىمىنىڭ باش قىسمىدىن ئازراق قىسقارتىلدى.

ـس تەبىئەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا خارلىق ۋە گاھا خارلار ئارىسىدا بى ئېتىۋارلىق تارتتىم .
ـھا ئىشق- مۇھەببەت يولىدا بىباكلىق (ئەدەپسىزلىك) يۈز بەردى. گاھا پەرى يۈزلۈك گۈزەللەر
ـەستىدىن ھالاكەتكە يېقىنلاشتىم . گاھا جۇنۇنلۇق مەھەللىسىدە بۇ ناكاسلەر بوينۇمغا نەيزە ئۇر-
ـى . ئۇششاق باللار بېشىمغا تاش ياغدۇردى . گاھا ئۆز شەھرىم ئەلى زۇلمىدىن شەھەرنى
ـشلاپ غېرىپ ۋە مۇساپىر بولدۇم . غېرىپ ، بىچارىلەرگە قوشۇلدۇم.گاھا تاغلارنىڭ بېشى ئارام-
ـاھىم بولدى . گاھا سەھرانىڭ ئېتىكى پاناھىم بولدى . گاھا بۇ قاتتىقچىلىقتىن يۇرتنى تاش-
ـپ كىشى كۆرمەيدىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا بولدۇم . گاھا غېرىبلىقتا كېسەل بولۇپ ، غېرىپلار
ـارىسىدا خار بۇلدۇم . گاھا ئېزىزلار سۆھبىتى ۋە خىزمىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، سۆزۈمنىڭ
ـەسىرىنى كۆردۇم.

## رۇبائىي

گەردون ماڭا گەھ جاپا ۋە دونلۇق قىلدى ،
بەختىم كەبى ھەر ئىشتا زەبونلۇق قىلدى .
گەھ كام سىرى رەھنە مۇنلۇق قىلدى ،
ئەلقىسسە بەسسى بۇقەلمۇنلۇق قىلدى .

(پەلەك ماڭا گاھا جاپا سالدى ۋە پەسلىك قىلدى. بەختىمدەك ماڭا يامانلىق قىلدى ، گاھا
بەخت ئېيپىشقا يولباشچىلىق قىلدى . دېمەككى ؛ تولىمۇ رەڭۋازلىق قىلدى).
ئەمما بەختلىك چاغلاردا خەلقنىڭ تەلۋى، بېشىمنى ئاستىدا گاھ مەنسەپدە ئولتۇردۇم .
ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلدىم. گاھا پادىشاھقا يېقىن بولدۇم . ئۆتكۈر كۆزلۈك خەلققە
ئۆزۈمنى كۆرسەتتىم.گاھا ئىززەت-ھۆرمەت ئايۋانىنى ماكان قىلدىم.كاتتىلەرنى مېھمان قىلدىم. گاھا
خۇشاللىق بېغىدا بەزمە قۇردۇم. ساقى ۋە سازەندىلەرنىڭ بەزمى ھەمسازلىرىدىن بەھرە ئالدىم.
گاھا پادىشالىق تالاش - تارتىشلىرىدا ئارىغا كىردىم. تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلماق بولدۇم.
گاھا سوقۇش مەيدانىغا چۈشتۈم ، جاھىللىق ۋە نادانلىق تۆھمىتىنى بوينۇمغا ئالدىم . گاھا ياخ-
شى ئىش قىلغۇچى كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇپ ھەر خىل ئۇنۇملۇك يەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردۇم.
يولۇۋچىلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن كۆۋرۈك سېلىپ، ئۆتەڭ ۋە سارايلارنى ياسىدىم .

## بېيت

دىماغىمغا تۇشۇبان كۆپ تەسەۋۋۇر پىندار،
ئۆزۈمنى جاھ ئۇلۇغلۇقدا ئەيلىدىم ئىزھار.
(ئۆز كاللامدا ئۆزۈمنى چوڭ چاغلاپ ، مەنسەپدە ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلدىم) .

يۇقۇرىدىكى كىرىش سۆزلەرنى بايان قىلىشتىن مەقسىدىم :
ھەر كويلاردا يۈرۈپتىمەن ، ھەر خىل كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇپتىمەن ، ياخشى ۋە يامان-
لارنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپتىمەن ، ياخشى ۋە يامانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەجرىبە قىلىپتىمەن ،
ياخشى ۋە يامانلىقنىڭ تاتلىقى ، ئاچچىقىنى تېتىپتىمەن . ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى ، نا-

مەرتلەرنىڭ يامانلىقىنى كۆڭلۈم تونۇپتۇ . بەزى كىشىلەر بۇنداق ھاللاردىن خەۋەرسىز . چۈنكى ئۇلار ياخشى ۋە يامانلاردىن تەسىرلەنمىگەن .

## نەزم

نە بىلگەي ئۆل كىشىكىم شەھدۇ مەينى تاتماپدۇر ،
كى ھىجىر ۋەسىل گەبى ئۆل چۈچۈكدۇر بۇ ئاچچىق .
بىلۇر زەلىل مۇساپىركى پويە ئەيلەردە ،
قۇم ئانىڭ ئالىدە يۇمشاق ۋە خارەدۇر قاتتىق .

(شەكەر بىلەن مەينى تېتىپ كۆرمىگەن كىشى ۋەسىل بىلەن ئايرىلىشتەك ئاچچىق- تاتلىقلىقنى بىلمەيدۇ . مۇساپىر يول ماڭغاندا قۇمنىڭ يۇمشاقلىقىنى، تاشنىڭ قاتتىقلىقىنى چۈڭقۇر ھېس قىلىدۇ . ) بىر خىل ھالەتلەرنى دوستلارغا بىلدۈرۈشنى لازىم تاپتىم . چۈنكى ئۇلار ھەر تائىپە ۋە ھەر تەبىقە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولسۇن ، يامانلارنىڭ سۆھبىتىدىن ساقلانسۇن ، كۆرگەنلا كىشىگە سىر ئېيتمىسۇن ، شەيتاننىڭ ھىلە - مىكرىدىن زىيان كۆرمىسۇن، مېنىڭ بۇ تەجرىبىلىرىمدىن پايدىلانسۇن دېدىم .

بۇ ماقالامنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغانلىقىنى بىلىپ، كىتابقا «مەھبۇب بولغۇلۇپ» (كۆڭۈلنىڭ سۆيگىنى) دەپ ئات قويدۇم .

كىتاپ ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ ، I - قىسىم : كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ، سۆز - ھەركەتلىرى II - قىسىم: ياخشى ئەخلاقلار ۋە ناچار ئەخلاقلار III - قىسىم: بىر قانچە پايدىلىق سۆزلەر .

ئۈمىدىم شۇكى : كىتابخانلار دىققەت ۋە ئېتىۋار بىلەن نەزەر سېلىپ، ھەر قايسى ئۆز پەھىم ئىدراكلىرىغا كۆرە بەھرە ئېلىپ، ئاپتورغا ھەم بىر دۇئا بىلەن بەھرە يەتكۈزۈپ، ئاپتورنىڭ روھىنى بۇ دۇئا بىلەن خوش قىلار .

## 1 - قىسىم

كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ، سۆز - ھەركەتلىرى
بۇ قىسىم تۆۋەندىكىچە قىرىق پەسىلگە بۆلۈنىدۇ :

1 - پەسىل : ئادالەتلىك پادىشاھلار ،
2 - پەسىل : بەگلەر،
3 - پەسىل : لاياقەتسىز ئورۇنباسارلار،
4 - پەسىل : زالىم نادان ۋە پاسىق پادىشاھلار ،
5 - پەسىل : ۋەزىرلەر ،
6 - پەسىل : باتۇرلۇق توغرىسىدا لاپ ئۇرىدىغان باكار نان خادىملار ،
7 - پەسىل : دىيانەتسىز باشلىقلار،
8 - پەسىل : ياساۋۇللار گۇرۇھى

9 ـ پەسىل : ياساغلىق قارا ئەسكەرلەر،
10 ـ پەسىل: پادىشاھ قانداق بولسا، پۇقرا شۇنداق بولىدۇ،
11 ـ پەسىل: شەيخۇل ئىسلام،
12 ـ پەسىل: قازىلار،
13 ـ پەسىل: مۇپتىلار ( پەتىۋاچىلەر ) پەقىھلار ،
14 ـ پەسىل : مۇدەرىسلار ( دەرس ئۆتكۈچىلەر ) ،
15 ـ پەسىل : تىۋىپلار ،
16 ـ پەسىل : شائىرلار ،
17 ـ پەسىل : كاتىپلار،
18 ـ پەسىل : مۇئەللىملەر ،
19 ـ پەسىل : ئىماملار،
20 ـ پەسىل : مەزىنلەر،
21 ـ پەسىل : ھاپىزلار ،
22 ـ پەسىل : سازچىلار ،
23 ـ پەسىل : داستانچىلار ۋە ھېكايىچىلار،
24 ـ پەسىل : ۋەزچىلار، نەسىھەتچىلار ،
25 ـ پەسىل : ئاسترونوملار،
26 ـ پەسىل : سودىگەرلەر،
27 ـ پەسىل : شەھەر ئوششاق سودىگەرلىرى ،
28 ـ پەسىل: بازار ھۈنەرۋەنلىرى،
29 ـ پەسىل : ھۈنىرىگە يالغان پەداز بەرگۈچىلار ،
30 ـ پەسىل : پاششەپ ، گۈندىباي، مىرشەپلەر ،
31 ـ پەسىل : دېخانچىلىق قىلغۇچىلار ،
32 ـ پەسىل : ئىمباك يەتتىمەكلەر ،
33 ـ پەسىل : غېرىپلار ۋە غېرىپ بالىلار ،
34 ـ پەسىل : گادايلار ،
35 ـ پەسىل : قۇشچى ۋە ئوۋچىلار،
36 ـ پەسىل : ھۆكۈمەت تەربىيەسىنى كۆرۈپ تۈز كورلۇق قىلغان خادىملار ،
37 ـ پەسىل : ئۆيۋاقلىق بولۇش ۋە خوتۇنلار ،
38 ـ پەسىل : رىياكەر ماشايىخلار ،
39 ـ پەسىل : خارابات ئەھلى ،
40 ـ پەسىل : دەرۋىشلار .

(داۋامى بار )

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدىرېھىم توختى .

# نەسىھەتى ئاممە

## ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى

**مۇھەررىردىن :** يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ شانلىق پەخرى ۋە ئىپتىخارى، بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ۋە ئەدىپ ، ئەرك سۆيەر جەڭچى ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (ئابدۇقادىر داموللام) نىڭ « ئاقايەت زۇرۇرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە » ، «ئىلمى تەجۋىد » ، « ئىلمى ھىساپ » ، « مۇپتاھۇل ئەدەپ » ، « جاۋاھىر ئىبيقان » ، « بىدايىتىس سەرپ» ، « بىدايىتىن نەھۋى » قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىچىدە ئىجتىمائى ئەھمىيىتى بىر قەدەر يۇقۇرىراق بولغىنى « نەسىھەتى ئاممە » دۇر.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 1333 - يىلى ( مىلادى 1915 - يىلى ) يازغان. ھىجرىيە 1348 - يىلى ( مىلادى 1930 - يىلى ) قەشقەر ئىسلام جەمىيىتى نەشىر قىلغان.

ئەسەردە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى ، ئاپتورنىڭ ئىسلام ئەقىداتىدىكى ياخشى ئەمەلنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۆيۈشقاقلىق ، ئۆز - ئارا ياردەم، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش ، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش ، ئىنساپ ، ئادالەت، سېخىلىق ، چىدامىلىق ، ئېغىر - بېسىقلىق ...... قا ئوخشاش ئىلغار تەرەپلەرنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئىسلام ئەقىداتىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بارلىق ھادىسىلەرنى چەكلەپ، جەمىيەت بۇزۇقچىلىقلىرىنى تۈزۈتۈپ ، ئۇنى يېڭىلاشقا ئىنتىلىشتەك ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىدىن ئىبارەت . بۇ نۇقتىلار ۋەتەنپەرۋەر ئەدىپ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشۈنۈشتىلا ئەمەس ، شۇنداقلا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك رولىنى ئەھمىيەتكە ئىگە .

ۋاھالەنكى، رىسالىدە يۇقارقىدەك بىرقاتار ئىلغار قاراشلار گەۋدىلەنگەندىن باشقا، دىنى ئەقىداتچىلىقتا دائىر بەزى سەلبى تەرەپلىرمۇ ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ ئاساسەن دەۋر چەكلىمىسىدىن ھاسىل بولغاندۇر. چۈنكى ئاپتور ئۆز قاراشلىرىنى شەرھىيلىگەندە ئىسلام ئەقىداتىدىن قىلچە چەتنىمىگەن ھالدا، ئۇنىڭ قائىدە - پىرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شۇنچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يول تۇتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاشۇ خىل قاراشلىرىنىڭمۇ قارشىلىققا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قارىغاندا، شائىر ياشىغان دەۋردىكى روھانىيەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى رۇشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دىمەك، «نەسىھەتى ئامە» دىكى دىنى ئەقىداتچىلىق - ئاپتورنىڭ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىپادىلەشتىكى تون شەكىللىك بىرخىل پورمىسى بولۇپ، ئاساسى مەقسىدىنىڭ ياخشى ئەخلاق ۋە ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان جەمئىيەتنى يېڭىلاشقا ئىنتىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز لازىم.

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
## مەنىسى: رەھىمدىل، شەپقەتلىك
## ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

مەقسىدىمىزگە كەلسەك،① ئىسلامىيەت ئالىملىرىنىڭ دانىشمەنلىرى، دىيانەت دۇنياسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە رۇشەن ۋە ئوچۇق بولسۇنكى، ھازىر ھەم كەلگۈسىنىڭ بەخت - سائادىتى، پايدىسى، ئىمان (نىيەت) ۋە ياخشى ئەمەل (ياخشى ئىش) لەرنى قىلىش بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولغان قۇرئاننىڭ بىر قانچە يېرىدە ئىمان (نىيەت) نى ياخشى ئەمەل (ياخشى ئىش) بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە، يەنى ئەزىزىيە بىلەن پايدىلىق ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئالاھىدە ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

ھەر قانداق بىر ئەمەل (ئىش) ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئىمان (نىيەت) قانچە ياخشى بولغان بىلەن ئۇ، پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

بۇ سىرلاردىن ساھابىلارلا ئەمەس ھەتتا مۆتىۋەر پىشقەدەملەر ۋە بۈيۈك ئالىملىرىمىزمۇ خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن غەيرەت - شىجائىتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ، ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئىسلامىيەتنىڭ چاقىرىقلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشتى (بېغىشلىدى).

ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن غەيرەت - شىجائەتلىرى تۈپەيلىدىن مۇقەددەس ئىسلام دىنى پۈتۈن ئالەمگە نۇر چېچىپ، ھەقنى ناھەقتىن ۋە ناھەقنى ھەقتىن ئايرىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تامام ئالەمگە ئاشكارا قىلغان.

ئىتتىپاقلىق، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىنساپ ۋە ئادالەت ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، جەۋرى-زۇلۇم، ئىختىلاپ، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئىلىمسىزلىك (جاھالەتلەر) زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. ئىسلامنىڭ ئابرويى ۋە ھەيۋىتىدىن ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلارمۇ ھەيرانلىق ھەم غەم ئەندىشە ئىچىدە قالغان ئىدى. بۇ بولسىمۇ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن، پەيغەمبىرىمىز ئەينەن يەتكۈزگەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ھەم خاسىيىتىدىندۇر. بىز تۆۋەندە بۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىشنى توغرا تاپتۇق. دىنى ئىسلامنىڭ يولباشچىسى ـ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن ياخشى ئەمەللەر مۇنۇلار: ئىخلاس (ھەر ئىشنى جان دىل بىلەن ئورۇنلاش)، پاكىزلىككە رىئايە قىلىش، ئىبادەت (ھەققە بويسۇنۇش)، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت (ئەلگە مەرىپەت قىلماق)، دوستلۇق، ئىنساپ ۋە ئادالەت، كېڭىشىش، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، سېخىلىق، ئىسلاھ قىلىش روھى بولۇش (يېڭىلىققا يۈزلىنىش)، چىداملىق ۋە ئېغىر ـ بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاقى ـ پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆز ـ ئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش، ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئىشەنچلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەتلىك، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەتلىك، ياخشىلىق، تەدبىرلىك، راستچىللىق، ھەر ئىشنى توغرا يوليورۇققا بىنائەن قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلار ئىسلامىيەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر. ئۆتكەندە يوقۇردا ئېيتىلغان ياخشى ئەمەللەر بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئۆزلىشىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. ئىشلار بولسا كىتابنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ۋە مۇنەۋۋەر پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ھەم يوليورۇقى بويىچە بولغان ئىدى. غەلىبە ۋە يېتەكچىلىكمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ مەخسۇس نەسىۋىسى بولۇپ " ئىززەت ـ ھۆرمەت تەڭرىگە، پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارغا سادىق كىشىلەرگە " دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق ئىش بولغان ئىدى.

قاچانكى ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقلىرى بۇزۇلۇپ، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نوقسان يەتتى. ئىتتىپاقلىق يوقالدى. ھورۇنلۇق ۋە بىكارچىلىقلار، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى. ئىلىم ـ مەرىپەت كېمەيدى. پۈتۈن ئەھلى ـ ئىسلامنىڭ شۆھرىتى يوقۇلۇپ، خارىزارلىققا يۈزلەندى.

پېشۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ، خۇراپاتلىق (ئىلىمگە خىلاپ بۇزۇق ئىشلار) باش كۆتەردى. ئىززەت ـ ئابرويلار قولدىن كەتتى. ئەجنەبىلەر ۋەتىنىمىزگە قول ئۇزاتتى. " ھەر قانداق ئەل ئۆز ئابرويىنى ئۆزى يوقاتمىغىچە ئاللا ئۇنى يوقاتمايدۇ " دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئىنساپ بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش ھەرىكەتلىرىمىز ۋە ئىسلامىيەتنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلماسلىقىمىز سەۋەپچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەھلى پېرىشانلىق ۋە خارىزارلىققا، ئازاپ ـ كۈلپەت، غەم ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت ـ نادامەتتىن باشقا ھېچ ئىلاجى يوقتۇر. (ھازىر) زىرائەت (دېھقانچىلىق)، سودا ـ سانائەت جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەندۇر. كېلىڭ ئەي، دىنى قېرىنداشلار! ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر! ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىياتىنىڭ سەۋەپلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلايلى. ھازىرقى تۆۋەنلىكنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئۇ-

مىتسىزلىك ، ھورۇنلۇق ۋە جۈرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ، ناچار ئەخلاقتىن يېنىپ، دىنى ئىسلامنىڭ يولىيورىقى بويىچە ئىش قىلايلى . ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىت باغلايلى . ئالىملىرىمىزمۇ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزسۇن . ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ھەر مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن . خەلق ئاممىسىغا ياخشى-يامانىنى چۈشەندۈرۈپ ئەخلاقى ، ئەقلى تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى، زامانىۋىلىشىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتسۇن . چۈنكى ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىز باسارلىرىدۇر.شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم- يېسىر ، غېرىب- غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن،ئۈشرە - زاكات ② سەدىقە-ئېھسان③ ۋە ماددى ياردەملىرىنى ئاجرىتىپ، قولىدىكى ئىقتىساتىنىڭ سەرپىياتىنى توغرا باشقۇرسۇن.دىن ۋە مىللەتكە ، شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن .

ئەر ۋە ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرز ④ لىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ ، ئۇنىڭغا دىققەت ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشىمىز،( نۆۋەتتە ) خوتۇن قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم . چۈنكى كىچىك باللار نادان،⑤ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلمەسلىككە گىرىپتار بولسا كىچىكلىكىدە ئادەتلىنىدىكەن . ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر .

ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار . ئىسلامىيەتكىمۇ زىيان يەتمەس . بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىگىمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ " ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىپسىز ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى-يامان بولىشى ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق " دېگەن مەزمۇن بار . ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تونۇيلى ، كەلگۈسى ئىستىقبالنى ئويلايلى ، مۇقەددەس دىنىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زاۋاللىقتىن قۇتقۇزۇپ قالايلى .

كۆپلىگەن يوقسۇل ۋە ئىگە - چاقىسىز باللار ئاش - نان، تۇرمۇشنى دەپ، ئىلاجسىزلىقتىن دىن كىتىشتىن خەۋىرى يوق،ئەجنەبىلەر مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ ، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماقتا . بىز ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيلى ! بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانىسى ئەمەس ، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر . جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرىدۇر . سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس ، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر . باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا . سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە . بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز . ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر . بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقۇلۇش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر ! ھېلىمۇ ھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار ، جانابى ھەقنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر . دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس، ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ ( ھۈنەر سانائەت ) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزلىكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى تەگرى ئىبادەت قىلمىغاندۇر. يەنى ھەر بىر

ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ . ھەممە ئىشتا تىرىشچانلىق ۋە پىداكار-لىق كۆرسىتىش خۇدانىڭ يولىيورىقىدۇر . " ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر" دىگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋا - ئىسپاتتۇر .

سالام، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەرگە!

ئىمزالار :

ھەر قاچان مەسئۇلدۇرمىز كىمنە قازى .
موللا ئىسلام داموللا ئەئلەم قازى ئىمزا قويدۇم .
كىمنە قازى ئوبۇلقاسىم قول قويدۇم .
ئابدىغوپۇر داموللام قول قويدۇم .

مىلادىيە 1930 - يىل

---

ئىزاھلار:

① مەقسەدىمىزگە كەلسەك - « ئەمما بەئدە » ئىلگى ئىستىمال مەنىسى بولۇپ ، بۇ خۇدانىڭ ؛ پەيغەمبەرنىڭ ؛ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە چارىيار - ساھابىلەرنىڭ تەرىپ - تەۋسىپىنى قىلغاندىن كېيىنكى مەقسەدىمىزگە كەلسەك ، دىگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ .

② ئوشرە-زاكات - دىخانچىلىق ۋە پۇل - مالدىن ئايرىلىدىغان ئىئانە .

③ سەدىقە - ئېھسان - ئىختىيارى ئىئانە .

④ پەرز - ئىسلامدا ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش .

⑤ نادان - ياش ئوسمۇرلەر بىلەن بىلىمسىزنى كۆرسىتىدۇ .

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئومەرجان ئوسمان

# ئاپپاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابدۇقادىر داۋۇت

**مۇھەررىردىن:** ئاپپاق خوجا توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار. بەزىلەر "ئاپپاق خوجا چوڭ دىنى زات"، "تەرەققىپەرۋەر"، "تارىختا ئىجابىي رول ئوينىغان" دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر "ئاپپاق خوجا ئىككى قولى خەلقنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان ئىستىبدات جاللات، تارىختا سەلبىي رول ئوينىغان"، "ئەكسىيەتچى" دەپ قارايدۇ.

ئاپپاق خوجا زادى قانداق شەخس؟ بۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى بار. بىرىنچىدىن، يۇقۇرقىدەك قاراشلارنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى ناتوغرا بۇنى ھەقىقى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز، ئىككىنچىدىن، قەشقەر شەھرىنىڭ شەرقىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان «ھەزرەت» دېگەن جايدا ئاپپاق خوجىنىڭ ھەيۋەتلىك مازىرى بار. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. ئۆزىنى "ئاپپاق خوجا ئەۋلادى" دەپ ئاتىشىۋالغان بەزى سوپى ئىشانلار ئۇنى كۆككە كۆتىرىپ، "سىرلىق ئەۋلىيا" قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەر ئىچىدە سوپىزىمنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. ئەنە شۇنداق تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنىۋالالايمىز.

ماركسىزىملىق تارىخى قاراش ئارقىلىق ئاپپاق خوجىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى شەخس ئۈستىدىن تېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى ۋە شۇنداق قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

يولداش ئابدۇقادىر داۋۇت يازغان «ئاپپاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» ئەنە شۇ مەقسەتتە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ بىرىدۇر. بۇندىن كېيىن بۇ ھەقتە يەنە بەزى ماقالىلارنى ئېلان قىلماقچىمىز.

ئاپپاق خوجا (1626 ـ 1694) شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئاق تاغلىقلار (ئاق
دوپپىلىقلار ياكى ئاق دەستارلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ باشلىقى. يەكەن سەئىدىيە
سۇلتانلىقىدىن كېيىنكى قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر. ئۇ 1626 ـ يىلى قۇمۇلدا ئۆزىنى
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەۋلادى(سەيد)دەپ ئاتىشىۋالغان ئىشانلار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ-
نىڭ دادىسى مۇھەممەت يۇسۇپ(ئۇنۋانى ـ ھەزرىتى مازار پاشا ، يەنە بىر ئۇنۋانى ـ ھەزرىتى
پايزۇل ئەنۋەر) سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسى سەمەرقەند ئوبلاستىغا قاراشلىق دەھ-
بىت دېگەن يۇرتتىن بولۇپ، دادىسى مۇھەممەت ئىمىننىڭ (ئۇنۋانى ـ ھەزرىتى ئىشان كالان پا ـ
دىشا) «ئى قەدىردان ئوغلۇم، زادى بۇ يۇرتلاردا تۇرماڭ، خوجا ئىسھاق ۋەلى (مۇھەممەت ئىمىن-
نىڭ ئىنىسى) نىڭ ئاداۋىتى ۋە ئۆچمەنلىكى تا قىيامەتكىچە بىزدىن كەتمەيدۇ»① دېگەن ۋەسىيىتى-
گە ئەمەل قىلىپ، قۇمۇلغا كېلىپ «چىقتىم» دېگەن جايدىكى بىر ئۆڭكۈردە ئىستىقامەت بىلەن ياشايدۇ.
ئۇ كىشىلەرگە «تەقۋادار كىشى ئىكەن» دەپ تونۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل شەھرىگە كىرىپ، بۇيەردە قەشقەر
بەشكىرەمنىڭ قاراساقال يۇرتىدىن، كېچىك ئېرىق مەھەللىسىدىن كۆچۈپ چىققان مىر سەيىد جېلىل قەشقەرى
(ھىندىستاندا ئوقۇپ كېلىپ، بەشكىرەمدە مەلۇم ۋاقىت تۇرۇپ، كېيىن قۇمۇلغا بارغان دىنى ئۆلىما)
دېگەن كىشى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇ كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىم بىلەن توي قىلىدۇ. مۇھەممەت يۇ-
سۇپ مىر سەيىد جېلىل قەشقەرىنىڭ ھىمايىسىدا ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ مۇرىت قوبۇل قىلىپ،
شۆھرەت قازىنىدۇ. شۇ كۈنلەردە خوجا ھىدايىتۇللا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا 12 ياش-
قا كىرگەندە مۇھەممەت يۇسۇپ قۇمۇلدىكى تاۋاپتىگە قانائەت قىلماي، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش
مەقسىدىدە بۆلەك يۇرتلارنى ياقتۇرماي مۇشۇ شەھەرنى خالاش باھانىسى بىلەن 1638 ـ يىلى بالا-
ۋاقىسىنى ئېلىپ ھەم بىر قانچە مۇرت ـ مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر بەشكىرەمگە كېلىدۇ.
ئۇ مىر سەيىد جېلىل قەشقەرىنىڭ ئىلگىرىكى يۇرتى قاراساقالغا ئورۇنلىشىپ ئۇنىڭ زېمىنلىرىغا
ئىگە بولىدۇ. ئاز ئۆتمەي خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئۆزى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن مۇرت ـ مۇخلىسلى-
رىنىڭ تەرغىباتى بىلەن ئۇلۇغ كىشى تونۇلۇپ، كەسپى ئىشانلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ
"مۇرتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى يار مۇھەممەت باي ئىدى. ئۆزى قوغانلىق ، تولا زور نامدار ۋە
زېمىندار ئىدى. ھېچ بىر بالا ـ چاقىسى يوق بىر بابا، بىر موما ئىدى. شۇ چاغدا خامان تەييار-
لاپ ھەزرىتى مازار پاشايىمنى كۈتۈپ تۇراتتى»②دېگەندەك خامان ـ خامانغا بېرىپ ئۆشرە ـ زا-
كات يىغاتتى. مۇھەممەت يۇسۇپ بىر دۇئا بىلەن "كەشپى كارامەت قىلىپ" بۇ نادان، ۋارىسى بول-
مىغان يار مۇھەممەت باينى تەسىرلەندۈرۈپ "مانا بۇ پاك ئىمارەتنىڭ ۋە رەۋزى مۇبارەكنىڭ، گۈم-
بەزنىڭ، خانىقا مەسچىت، كۆل ھەم باغچىلارنىڭ ئورنى- بۇ بەش پاتمانلىق ③ يەر زېمىنلەرنى»
④ئىلكىگە ئالىدۇ. خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، خانىقا سېلىپ جەھرى ـ
سۆھبەتلەر بىلەن ئىشانلىقنى قانات يايدۇرىدۇ. مۇرىتلىرىنىڭ بېرىپ كېلىش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇش
ئۈچۈن قەشقەر شەھرىنىڭ شەرقىدىكى سېپىلدىن تۆشۈك ئاچتۇرىدۇ. بۇ تۆشۈك ـ «تۆشۈك دەرۋاز-
سى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەت يۇسۇپ يەكەن سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ پادىشاسى ئابدۇللاخاننىڭ
ئالدىدا زور شۆھرەت قازىنىدۇ. (بۇ چاغدا يولۋاسخان قەشقەردە خان ئىدى). "يولۋاسخان ئاتى-
سىنىڭ سۆزىگە كىرمەي گۇستىخانلىق قىلىۋر ئەردى. ئەمما خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىسلە خوجا ئاپ-
پاققا بىسيار ئەزاز ئىكرام قىلىۋر ئەردى» ⑤بىر كۈنى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشىككە مىنىپ، خوجا

ھىدايىتۇللانى ۋە مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھېيتكاھ جامەدىن چىقىپ كوچىدا كېتىۋاتقىنىدا، يولۋاس-خان ئۇنى چاقىرىپ بىر ئات بېرىپ دۇئا ئالىدۇ. "ئىشان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ خەردىن چۈشۈپ ئاتقا مىنىپ، ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ خەرگە مىندىلەر. ئاتقا خوجا ئاپپاقنى مىندۇرۇپ سورادىلەر-كى، ئى خوجا ئاپپاق، ئۆزىڭىزنى نەچۈك كۆرەدۇرسىز؟ ھەزرىتى خوجا ئاپپاق - ئۆزەمنى ئاندا كۆرەدۇرمەنكى، مەنكى پادىشايى ھەزرىتى ئىشان خوجا جاھانگىر بولۇپتۇرمەن - دەپ نەپەس قىل-دىلەر،» ⑥ خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئوغلىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش ئۈچۈن خوجا ھىدايىتۇللانى ئات-قا مىندۇرىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانلارغا خاس مەنمەنچىلىكى، ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن كۆرەڭلەيدۇ.

خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ قومۇلدىن قەشقەرگە كېلىشتىكى مەقسىدى - پايتەخت يەركەنگە يېقىنراق تۇرۇپ، بىر ئىلاج قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قومۇلدا تۇر-غان ۋاقىتلىرىدا بىر قېتىم قەشقەر ۋە يەركەنگە كېلىپ كەتكەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا (1636 - يىللى-رى) مۇھەممەت يۈسۈپ يەركەن سۇلتانى مەخمۇتخان يېنىدا تۇرۇپ، ئىنىسى سۇلتان ئەخمەتخان بى-لەن زىتلاشتۇرۇپ، ئۇرۇشقا سېلىپ، سۇلتان ئەخمەتخاننى شاماۋاغدىكى قوراسىدا ئادەم بۇيرۇپ ئۆلتۈرتۈپ قويغان ئىدى. ئابدۇللاخان سۇلتانلىقنى ئىگىلەپ مەخمۇتخان پەرغانىگە قاچقاندا، پەر-غانىگە بىللە چىقىپ كەتكەن ئىدى.

مۇھەممەت يۈسۈپ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللاغا 1644 - يىللىرى يولۋاسخاننىڭ ھامىسىنى (ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزى، ئوبۇل ھادى بەگ مەركىتلىك بولۇپ، ئابدۇرىھىمخان زامانىدا كۇچار-نىڭ ھاكىمى بولغان) ئېلىپ بېرىدۇ. مۇھەممەت يۈسۈپ بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا قەشقەردە نوپۇز-لۇق ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار قەشقەردە مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى كۆپەيتكەندىن باشقا، يولۋاسخان-نىمۇ مۇرىت قىلىدۇ. ئاقسۇدا خانلىق قىلىۋاتقان ئابدۇللاخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى نۇردۇنخانمۇ سو-غا سالاملار بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگەندە، يولۋاسخان "ۋەلىئەھد" لىكىنىڭ ئىنىسى نۇردۇنخانغا ئال-مىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دادىسىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. ئىشانلارنىڭ ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ، چاتاق چىقىرىشىنى بىلگەن ئابدۇللاخان خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىلەرنى "سىلەر نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىدىڭلار" دەپ ئۆلتۈرىدۇ. لېكىن مۇھەممەت يۈسۈپ يولۋاسخاننىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بول-غىنى ئۈچۈن خوجا ئىسھاق ۋەلى (قاراتاقىيەلىكلەرنىڭ پىرى) نىڭ بەشكىرەم كۆكاگىدىكى بارلىق مۈلكى نىيازلىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ. 1667 - يىللىرى ئەتراپىدا خوجا شادى (خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغ-لى) ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەركەندىكى ئىسھاقىيە سوپىلىرىنىڭ باشلىقسىز قالغىنىنى بىلگەن خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، زور دەبدەبە بىلەن قەشقەردىن يەر-كەنگە كېلىدۇ. (ئۇنىڭ يەركەنگە تۇرغان ۋاقتى بەزى تارىخى كىتاپلاردا ؟ يىل دەپ يېزىلىپتۇ) خوجا شادىنىڭ خەلپىلىرى پۇقرالار، ساراي ئەمەلدارلىرى ۋە ئابدۇللاخاننىڭمۇ مۇھەممەت يۈ-سۈپكە مايىل بولۇپ قالغىنىنى سېزىدۇ. "ھەزرىتى ئىشان خوجا شادى خوجام ئېزىزنىڭ خەلپىلىرى-دىن نەچچىلىرى جەمئى بولۇپ، ئىككى مەخدۇمزادىلەرنى (خوجا شادىنىڭ - خوجا ئابدۇللا، خوجا ئەبەيدۇللا دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئاپتوردىن) بويۇنلىرىدا كۆتۈرۈپ، جەمئىيىتىنىڭ ئالدىدا خانغا ئەرز قىلدىكى، "يا، پادىشايى ئادالەت، داتكى، بىراۋنىڭ مۈلكى - مالىغە يەنە بىراۋ تە-سەررۇپ قىلمىغى بەھەستى شەرئى راۋامىدۇر؟" خان سورىدىكى: "ۋەقە نەمىدۇر؟" خەلپىلەر ئەيدىكى: "خان باشلىغىن ھەممىلىرى بىزنىڭ پىرىمىزگە ئىرادەت ھەم ئىنابەت قىلىپ ئىدىلەر ......

هالا ئىشتىمپتۇرمىزكى، ھەزرىتى ئىشان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپكە خان ئىنايەت قىلۇر ئەرمىش
لەر دەپ، بايىس نىدۇركى، رەزى مۇرشىددىن ئەراز قىلىپ، مۇرشىت دىگەرگە ئىنايەت قىلىغايلار.
ئەگەر دەلىل - بىرھان، كەشپى - كارامەت تەلەپ قىلىۇر بولسىلەر قايىلدۇرمىز. مۇرەببىمىز خۇدا
ۋە رەسۇلدۇر. يوق ئەرسە رەھىم قىلىپ، رۇخسەت بەرسىلەر، پىرزادىمىزنى، پىرىمىزنىڭ جەسەتـ
لىرىنى ئېلىپ ھەممىمىز بىر تەرەپكە كەتكەيمىز» دىدى. خان خاپا بولۇپ ھەيرەتكە چۈشۈپ، ساـ
ئەتتىن كېيىن ئەيدىكى: «ئى خەلىپىلەر، بۈگۈن كېچە سىلەر ھەمتەۋەججۇھ قىلساڭلار، بىمىز ھەم
ئىستىخارى قىلساق» - دەپ باشىنى تۆۋەن سالدى. يەنە ئەيدىكى : - «تاڭلا جاۋاپ بەرسەك» دىدى[7]
شۇ كۈنى كەچلىكى خوجا شادى خوجىنىڭ خەلىپىلىرىدىن ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز ئۇشـ
تۇر خوجا مۇھەممەت يۈسۈپكە زەھەر بېرىدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ پادىشا ئابدۇللاخان بىلەنمۇ
كۆرۈشمەي قەشقەرگە قايتىپ، يېڭىسارنىڭ توپلۇققا كەلگەندە جان ئۈزىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا قەشـ
قەردىن يېڭىسار توپلۇققا كېلىپ، دادىسىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ بېرىپ، دادىسىنىڭ : «ۋەسىيىتىم شۇكى:
يارمۇھەممەت بىزگە نەزىرە قىلىپ بەرگەن جايلارنى ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھى سالام
ماڭا بىشارەت قىلىپ، رەۋزى مۇبارەكنىڭ ئورنىدىن تارتىپ 12 پەرسەڭ يەرنى ماڭا
بېغىشلىدى. مۇرىتلىرىم بىلەن شۇ يەردىن قوپارمەن، مىنى شۇ زېمىندا دەپنە قىلغايسىزلەر»[8] دىگەن
ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، يارمۇھەممەت باي دۇئاغا بەرگەن زېمىنغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ئابدۇللاخان 1668 - يىلى ئۆز ئوغلى يولۋاسخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغان
سەۋەپلىك ھوقۇقنى كىچىك ئوغلى ئابدۇ مۆمۈنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ «ھەج» قىلىش باھانىسى بىلەن
ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندە، يولۋاسخان ھاكىمىيەتنى ئابدۇ مۆمۈندىن تارتىۋالىدۇ. ئۆز مۇرىدى
(يولۋاسخان) سۇلتان بولغىنى ئۈچۈن خوجا ھىدايىتۇللا دەرھال يەركەنگە كېلىپ، ئىش باشلاپ
يەركەندىمۇ مۇرىت توپلاشقا باشلايدۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى
ئىسمايىل خان يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ، يەردەن سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگەلـ
لەيدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئىسمايىلخان بىلەن بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن سىپـ
لىق ئالاسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسمايىلخان بۇ تەلەپنى سەل چاغلاپ مائقۇل بولىدۇ. بۇ گەپنى
ئاڭلىغان خەلق خوجا ھىدايىتۇللاغا كۆپلەپ مۇرت بولىدۇ. ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە 30 مىڭدىن ئارـ
تۇق كىشى مۇرت بولۇپ كىتىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى سېلىق تۆلىمىگىنى ئۈچۈن سۇلتانـ
لىقنىڭ ئىقتىسادى ئاجىزلىشىدۇ. يەرلەر تېرىقسىز قالىدۇ. سوپىلار چاتاق چىقىرىدۇ. «ئىسمايىلخان
ياركەنتتىن قەشقەرگە بېرىپ، ھەزرەت خوجا ئاپپاق خوجامدىن پادىشالىقنى تارتىپ ئېلىپ ئۆز ئوغلى
باباق سۇلتاننى كاشغەرگە خان قىلدى»[10] دەپ يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئاپپاق خوجا قەشقەرنى ئىگەلـ
لىۋالىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا مۇرىتلىرىغا ئاق تەقىيە (ئاق دوپپا) كىيىشىنى بۇيرۇيدۇ. خوجا ئىسھاقنىڭ
نەۋرىسى خوجا ئابدۇللا مۇرىتلىرىغا قارا تەقىيە (قارا دوپپا) كىيىشنى بۇيرۇيدۇ. نەتىجىدە ئەمەلدارـ
دىن تارتىپ پۇقراغىچە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، ئىككى ئىشاننىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان ماجرا
كۆتۈرۈلىدۇ. ئىشان - سوپىلاردىن، بولۇپمۇ ھەممە ئەسكەرلىكنىڭ باش سەۋەپچىسى خوجا ھىدايىتۇللاـ
دىن سەسكىنىپ، بىزار بولغان ئىسمايىلخان، مىلادى 1671 - يىلى ئۇنى يەركەن سەئىدىيە سۇلتانـ
لىقى زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇ توغرىدا: «تەزكىرە خوجا ھىدايىتۇللا» دا: «سەئىد ئاپپاق
خوجام پادىشايىم دەھبىدە ئون ئىككى يىل سەيرى - ساياھەت قىلدى» دەپ يېزىلىپتۇ. «سىيادەت

نامە» ۋە «تەزكىرە خوجا ئىسھاق ۋەلى» دە:«... ھەزرەت ئاپپاق خوجام شۇل يەۋرگەنلىرىچە شەھەرمۇ - شەھەر يۈرۈپ، كەشمىر ۋىلايەتلىرى بىلەن كۆزلىرى چىن مەملىكىتىگە چۈشۈپ، ئاندىن يۈرۈپ «جۇ» دىگەن كاپىرلەرنىڭ بۇتخانىسىگە چۈشتىلەر. ئاندا چىن كاپىرلىرىنىڭ بىراھمانلىرى بار ئەردى» دەپ يېزىلغان

3

خوجا ھىدايىتۇللا ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى شەھەرلەردە قاتراپ يۈرۈپ، سەرگەندار بولۇپ، بېشىنى سىلايدىغان كىشى ئىزدەپ، كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە ئۆتۈپ، لاسادىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىگە دوقۇرۇپ، ئاندىن «جۇ» دىگەن جايغا بارىدۇ.

كىتاپلارغا يېزىلغان «جۇ» دىگەن جاي جۇچۇەن بولىشى مۇمكىن. «تەزكىرە خوجا ھىدايىتۇللا» دا: «...لەنجۇ شەھرىگە باردى،شۇ ۋاقىتدا خەنزۇلارغا قالماقتىن تەشۇدىش يەتكەن ئىدى.....ئاندىن سۇجۇغا (گەنسۇدىكى سۇجۇنى دىمەكچى - ئاپتور) بېرىشىنى خالىدى.......ئاندىن سالا(ھازىرقى سالا ئاپتونوم ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ناھىيە چىڭخەي ئۆلكىسىدە بولۇپ، سالا مىللىتى ياشايدۇ . - ئاپتور) غا بېرىشىنى خالىدى . ھەزرىتى ئاپپاق خوجام قەشقەردىكى ۋاقىتدا باباخان ئاتلىق زالىم، بەد قىلىق بىر كىشى بار ئىدى. شۇ سەۋەپلىك چىن سەپىرىنى خالاپ قالغان ئىدى. ئالەمنى سەيرى - ساياھەت قىلىپ، مۇبارەك قەدەملىرى بۇ يۇرتلەرگە يەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئاپپاق خوجام ئېيتتى: «ئۇندا بولسا بىزنىڭ كاشغەر ۋە ياركەنتلەردە مۇرىت ۋە ئىخلاسمەنلىرىمىز تولا بار ئىدى. باباخان دىگەن بۇ زالىم بەدقىلىقنىڭ زۇلمىدىن ئامان تاپساق» دىگەن ئىدى. بېيجىڭنىڭ (تەزكىرىدە بېيجىڭنىڭ ئىسمى تاسادىپىلا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مانا مۇشۇ ئىسىملىكتە تەزكىرىچى سوپىلار پاكىتنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتكەن - ئاپتور) خانى دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئىلمىنىڭ ئۇلۇغى سوقتۇرغا خەت يازدىكى: «بۇلار بولسا خانىنىڭ ئىززىز مېھمانلىرى. بۇ مېھمانلار خاندىن نۇرغۇن سوغا - تەقدىملەرگە ئىگە بولدى. خانىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ ياندى، خانىنىڭ يارلىقى: بىزنىڭ ئىقلىم يۈزىدە، قەلىمىمىز كۆرۈلگەن يەردە،قەيەرنى خالىسا بەردىم»، «بۇنىڭ ئۈچۈن سوقتۇر ساڭا خەت يازدىم. خەت بارغان ھامان، ھايال قىلماي، ئون ئىككى مىڭ چېرىك ئېلىپ بېرىپ، كاشغەر ۋە ياركەنتتىكى باباخان زالىمنى ئۆلتۈرۈپ، بالا - چاقىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، بۇ ئۇلۇق مېھمانلارنى كاشغەر ۋە ياركەنتنىڭ پايتەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ قايتىپ كەلەرسەن» دەپ يېزىلغان. بۇ تەزكىرىدە بېيجىڭنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن قوراشتۇرۇلغان توقۇلمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى: « ئاپپاق بوبام بېيجىڭگە بارغان» دىمىسە، خوجا ھىدايىتۇللا مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان يەرلەردىن پايدىلىنالمايتتى.

خوجا ھىدايىتۇللا بۇتخانىدا 40 كۈن ياتقان بولسىمۇ، دالاي لاما (كىتاپلارغا « دالاكى» دەپ يېزىلغان) بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ. (دالاي كېسەل ئىدى) خوجا ھىدايىتۇللا «كەشپى كارامەت» لەر بىلەن دونداقلاپ باققان بولسىمۇ، دالاي لاما ئۆلۈپ قالغان. «سىيادەتنامە» دە «خوجا ئاپپاق خوجام بېيجىڭگە بارماغلىق سەۋەپ شۇلكى، بېيجىڭ ئىچىدە بىر قۇتبى سەكراتتا ئىكەن.شۇ قۇتبىنى غۇسلى تاھارەت قىلدۇرۇپ، نامىزىنى ئۆتەپ، يەرگە دەپنە قىلماغلىقتا سەبەپ قىلىپ بارغان دېيدۇلەر»-دەپ بايان قىلىدۇ.

بەزى تەزكىرىلەردىكى ۋەكىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى «ئاپپاق خوجا بېيجىڭگە بارغان» دىگەن مەسىلە شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. شۇ كۈنلەردە ئىلىنى مەركەز قىلغان جۇڭغارلار تازا كۈچىيىپ «بېيجىڭنى ئالىمىز» دەپ، شەرققە يۈرۈش قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ جۇڭغار تۆرىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىلىنى مەركەز قىلغان جۇڭغارلار (موڭغۇللار) 1696 - يىلى كاڭشىخان ئۆزى باش بولۇپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

«جۇ» (جۇچۇەن) يۈتخانا راھىپلىرى خوجا ھىدايىتۇللادىن سورايدۇ« كىمدۇر سىز ۋە قايسى تەرەپتىن كەلدىڭىز؟» ⑪ «ھەزرەت ئېيتىلاركى، مەن مۇسۇلمانلار پىرقىسىنىڭ خوجىسىدۇر مەن. ياركەند، كاشغەرنىڭ مۇرت - مۇخلىسلىرىدىندۇر. ھالا بىراۋ كېلىپ، مەندىن سويىۋېلىپ، مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلىدۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ مىنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيسىز» دەيدۇ. بىراخمانلار: «ئاندا لەشكەر بارمىقى ناھايىتى دىشۋادۇر» دەپ ئىلى قالماقلىرىنىڭ تۆرەسىگە نامە پۈتتىكى، «ئى پۇشۇدىخان خوجا ئاپپاق بىسيار ئۇلۇغ كىشى ئىكەن. ياركەند، كاشغەرنىڭ خوجىسى ئىكەن بۇنىڭ يۇرتىنى ئىسمايىلخان سۈيۈپ ئېلىپ، مۇنى قوغلاپ چىقارىپتۇر، كېرەككى لەشكەر بۇيرۇپ، بۇنىڭ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز. ۋاللائىش تامام بولغۇسىدۇر-نامە تامام» ⑫ «ئەگەر سىز كۆڭۈل قويۇپ كىشى بۇيرىدىڭىز، ئەسلا ھۆددىسىدىن چىقالمايسىز» دەپ نامە پۈتۈپ، خوجا ئاپپاق خوجام قولىغا بەردى. نامەنى ئېلىپ، شۇندىن يۈرۈپ، قالماقلار تۆرەسىگە يەتكۈزدى. تۆرە نامەنى كۆرۈپ، تولا تاۋازى بىرلە ئەمەل قىلىپ، ئۆزى باش بولۇپ، لەشكەر ئېلىپ قەشقەرگە يۈزلەندى. قەشقەر خەلقى ئاگلىدى كىم، خوجا ئاپپاق خوجام "بىشكەتى" دىگەن كاپىرنى ھىمايەت قىلىپ كېلىپتۇرمىش. بۇنى ئاگلىغان ھەزرەت باباق سۇلتان لەشكەر ئېلىپ چىقىپ رۇبىرۇ بولۇپ جەڭ قىلدىلەر. ئاندا كاپىرلار غالىپ كېلىپ، باباق سۇلتانغا ئوق تېگىپ شەھىد بولدى. كېيىن قەشقەر خەلقى بارابەر كېلەلمەي نە چارە، ئىتائەت قىلدىلەر» ⑭ مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا قەشقەردە 6 مىڭ كىشى قۇربان بولىدۇ.

موڭغۇللار ۋە خوجا ھىدايىتۇللا قەشقەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەركەنگە يۈزلىنىدۇ. يەركەن شەھەر ئەتراپىدا كەسكىن ئۇرۇشلار بولىدۇ. يەركەن شەھەر ھاكىمى ھەۋەز بەگ ئۇرۇشتا قۇربان بولىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى ئەقىدىسات بار ئادەملارغا ئوت قويىۋېتىدۇ. ھەمدە ئۇلارغا ماسلىشىدۇ. ئۇرۇشتا كۆپلەپ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن پادىشا ئىسمايىلخان شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ بىرىدۇ. خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، مۇشۇ قېتىملىق ھاكىمىيەت ئىگەللەش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشتا شىنجاڭ بويىچە 80 مىڭ كىشى قۇربان بولغان. بۇ قانلىق پاجىئەنى كۆرگەن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى «خوجامنىڭ تەخسىراتى» دىيىشكەن.

«نەخت .. سەلتەنەت مۇسەللەم بولدى. ئىشانۇ خوجا ئاپپاقنى كاشغەردىن ئىخراج ئەيلەپ، بۇ شەھەرلەر ئانچىنان ئاۋات بولدىكى، ھىچ بىر خانلار ۋاقتىدا بۇنداق ئاۋات بولغان ئەمەس. 10 يىل پۇقرا ۋە خەلق بىلمىدىلەركى، بۇ دىيارلار ئىچىدە سپاھ بارمۇ يوقمۇ ۋە زۇلۇم ستەم قۇلاققا ئاڭلانمىدى. ئۇلىما ۋە پازىللەرگە راۋاج تامام بولدى. (رىۋاجلىنىپ چېچەكگە يەتتي.

ئاپتور ). شەرىئەت مۇستاپا روناق تاپتى» [15] دەپ تەرىپلەنگەن بۇ جايلار موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

## 4

1678 - يىلى موڭغۇللار خوجا ھىدايىتۇللانى تەختكە ئولتارغۇزىدۇ. ئۇ، چوڭ ئوغلى خوجا يەھيانى قەشقەرگە خان قىلىدۇ. باشقا شەھەرلەرگىمۇ ئۆز خەلىپىلىرىنى ئولتارغۇزىدۇ. ئۇ تەختكە چىقىپلا شەھەر ۋە سەھرالاردىكى تامام مەچىت، مەدرىسلەرنى خانىقاغا ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيدۇ. كەمدە - كەم قارشىلىق قىلسا زىندانغا تاشلاپ، ئۆي-تەئەللۇقاتىنى پادىشالىق قىلىدىغانغا ھۆكۈم چۈشۈرىدۇ. موللا-ئالىملار پالتۇ ئەئلەمنى باش قىلىپ، خوجا ھىدايىتۇللا قىشىغا كىرىپ: «مەسچىتنى خانىقا قىلمىساق» دەپ تەلەپ قىلغاندا، «سەنلەر تەرىقەتنى ئىنكار قىلىدىڭ» دەپ، قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇ كېچىسى خوجا ھىدايىتۇللا سوپىلىرىنى بۇيرۇپ، پالتۇ ئەئلەم قاتارلىق بىر قانچە ئون كىشىنى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ئەتىسى بۇ ئالىملەرنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۆلۈكلىرىگە قاراپ سوپىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ:

ماشايىخ مايان كەشپى كاراماتھا بىسيار تىزەست
ئايىنىشىپ ئاخىر بىسيار ئاليان رازە بەتەبەر كۆشتەسەت.

(مەنىسى: بىزنىڭ ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ كاراماتى ناھايىتى ئىتتىككەن، بىرغەزەپ قىلىپاق بىلەن بۇگۈن كېچە نۇرغۇن موللارنى پالتا بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ).

خوجا ھىدايىتۇللا مەشھۇر ئالىملارنى، ئەدىپلەرنى، تارىخچىلارنى، تەرجىمانلارنى، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنى قەشقەر ھېيتگاھدا، يەركەندە خوتەندە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. بەزى ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى مەخپىي جاللات بۇيرۇپ، ئۆلتۈرىدۇ. تەرىقەتكە داخىل بولمىغان كىشىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللانىڭ قائىدە - قانۇنلىرىغا موللا - ئالىملار قارشى چىقىپ، ئايەت، ھەدىستىن دەلىل ئېتىپ، پىققەدىن سۆزلەپ، مەسىلە تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنى خوجا ھىدايىتۇللا ئاڭلاپ، ئۆلىمالارنى چاقىرتىپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەت مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى. تەرىقەت بولسا ئاللانىڭ ھۆكمى» شۇندىن باشلاپ سوپىلەر بىلەن شەرىئەت موللىرى ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق كۈچىيىدۇ. سوپىلار تويدىمۇ، ئۆلۈمدىمۇ جەھرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە يوسۇنلىرى ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. دىنى ئالىملار باشچىلىقىدا كىشىلەر ھەر دوقمۇشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. «تەختسەلتەنەتتە مۇۋەپپەقىيەت بولمىدىلەر» [18] خوجا ھىدايىتۇللا موڭغۇللارغا يۆلىنىپ، 2000 تالىپ ئۆلىمانى ئىلىغا پالايدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا قەشقەر، يەكەندىن 1000 نەپەر تالىپ ۋە ئالىملارنى قول ئورىندا چەرچەنگە پالايدۇ.

خوجا ھىدايىتۇللا موللا، ئالىملارنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرئان، ھەپتىيەك ۋە تەپسىرلەردىن باشقا كىتابلارنى كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ تارتىپ چىقىپ، كۆيدۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، كىتاب ساقلىغان ساندۇقلىرىنىمۇ كۆيدۈرىدۇ. كىتابنى يوشۇرۇپ قالغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەيران بولىدۇ. كىشىلەر ئوقۇي دىسە كىتاۋى يوق، ئەركىن سۆزلىشىشكىمۇ ئىمكانى يوق ھالەتتە قالىدۇ. 1514 - يىلدىن 1679 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن يەركەن سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى ۋە باشقا كىتابلارنىڭ تېپىلماسلىقى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ بىزگە يەتكۈزگەن «ئۇنتۇلغۇسىز شەپقىتى» دىندۇر.

شۇ كۈنلەردە بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىكقا چىدىمىغان بەزى كىشىلەر: «ئەي خۇدا، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى يەر يۈزىنى ئىگەللەپ بولدى. ئاسمىنىڭنى ھازىر بول» دېيىشىدۇ.

خوجا ھىدايىتۇللا ھاكىمىيەتنى ئېلىپ بەرگەن موڭغۇللارغا «ئەھلى مەملىكەتنىڭ مەشۇرىتى بىلەن قۇرۇق يانمىساي دەپ، 4000 يا قاتون سەرپاي، 4000 سەر تەڭگە ئىنئام ئەيلىدىلەر، كېيىن ئەھلى بىتئەتلەر، سائەتەن بى سائەت زىيادەت قىلىپ، ئىنئامرازى ئالەمگىچە پېقىرلار باشىدىن خالى بولماي، ھەر ئايدا 4000 سەر تەڭگىگە توختىدى»⑰ موڭغۇللارغا سوۋغا - سالاملار بېرىپ تۇرۇش بەلگىلەنگەن ۋە ئالۋاڭ تۆلىنىدىغان بولدى. بۇ ئىش «سىياسەتنامە» دە مۇنداق يېزىلغان: «ھەزرەت ئاپپاق خوجام مەملىكەتلەرنىڭ مەشۇرىتى بىلەن قالماقلارنىڭ بۇ خىزمىتىگە قۇرۇق يانمىسۇن دەپ مىڭ تونغا ئەستەر ئالىشنى بىر جىگدىن پاختا، مىڭ سەر تەڭگە ھېساپ قىلىپ، سەرۇپاي ئىنئام قىلدىلەر. كېيىنكى زاماندا مىڭ تونغا مىڭ تەڭگە مىراس بولۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن سائەت، بى سائەت ئەھلى بىدئەتلەرگە ئەزبىرايى خۇشامەتلەرنى زىيادە قىلىپ، ئول ۋاقىتتىن بۇ ۋاقىتقىچىلىك ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن ئالبان خالى بولماي، خام، پاختا. ئايلىق دېگەن ئالبان توختاپ قالغان ئېرۇرلەر».

غالدان موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئىسمايىلخاننىڭ 380 نەپەر ئۇرۇق-ئەۋلادىنى ئەسىر ئېلىپ ئىلىغا قايتىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا نەچچە ئون مىڭلاپ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش بەدىلىگە ھوقۇق ئىگەللەپ، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى، سوپىلارنىڭ ھۆكمەت ساداسى، موڭغۇللارنىڭ نازارىتى ئاستىدا يۇرت سورايدۇ. بىلىملىك، پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، خوجا ھىدايىتۇللا كىشىلەرگە 17 خىل ئالۋاڭ قويغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تۇرمۇشتا تولىمۇ نامراتلىشىپ كېتىدۇ. غالدان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھال سوراپ: "سوقتۇرنىڭ بۇ قىلغان خىزمىتى بەدىلىگە ھەزرىتى دىۋانە مەشرەپ ئىسلىغا بېرىپ ... ⑱ "، رەھمەت تەشەككۈر ئېيتىپ، سوۋغاتلار بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ.

خوجا ھىدايىتۇللا ھالقا قىلىپ، ساما سېلىپ ۋە سوپىلارنىڭ جاۋۇلداپ ماختاشلىرىدىن ئالەمگە پاتماي تۇرغاندا، ئىسمايىل خاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىنخان ئۈچتۇرپاندىن لەشكەر باشلاپ كېلىپ، يەكەننى ئىگەللەيدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئەلاجىسىز ئىتتىپاق تۈزىدۇ. مۇھەممەت ئىمىنخان تەختتە ئولتۇرىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا سوپىلارنىڭ پىرى بولۇپ ئىشانلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە مۇھەممەت ئىمىنخاننىڭ سىڭلىسى خان پادىشا خېنىم (بەزى ماتېرىياللارغا مۇھتەرەم خېنىم دەپ يېزىلغان) غا خوجا ھىدايىتۇللا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشەنچىلىك سوپىسى موللا نەقىدىن خان ئارقىلىق پادىشا خېنىمغا خەت كىرگۈزگەندە، خان پادىشاخېنىم: «ئىشەك مۈنچىقى تاجغا خوپ ئەمەس، دەرگاسالار شاھلەرگە مەرغۇپ ئەمەس» (بۇ شېئىر «شاھنامە» داستانىدا بار.) دەپ نېسۋىدىسىنى بەرسىمۇ، بۇ ئارزۇيۇسىنى بىلمەيدىغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان موللا نەقىنى يەنە ئەۋەتىدۇ. خان پادىشاخېنىم: «بەرمەس قىزنىڭ تويلىقى ئېغىر» دېگەندەك ئۆۋەندىكى 3 شەرتنى قويىدۇ.

«بىرىنچى شەرتىم شۇكى: بىزەر كىشىگە غەزەپ قىلسام، ئۆلتۈرمىگۈنىچە قويمايمەن، ئارىدا چۈشمىسە ئىكەن. ئىككىنچى شەرتىم: مېنىڭ پادىشازادە تۇغقانلىرىم بار، ئۇلارغا قانداقىنە رەسە لازىم

بولسا ئۇنى قىسىۋالماي بەرسە، كارى بولمىسا، ئۈچىنچى شەرتىم: قەدىمقى پىشقەدەم ئالىملەردىن ئاڭلىشىمچە، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تۇپەيلىدىن بۇ ئالەمگە خۇدانىڭ ۋەلىيلىرىدىن كېلەرمىش، ھەممە كىشىلەر ئۇ زاتقا ئەگىشەرمىش، مەزكۇر ئەۋلىيالارنىڭ سۇلتانى مەندىن ۋۇجۇتقا كەلسە ئىكەن» ⑲ خوجا ھىدايىتۇللا بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ،« ئوتتۇز مىڭ قوي، ئوتتۇز مىڭ كالا ئۆلتۈرۈپ، ئوتتۇز مىڭ ئات سوغا قىلىپ » ⑳ « دۇنيانىڭ خۇپلىرى كەيمەك، يېمەك، چاچماق » ㉑ دېگەن شۇئارى بويىچە توي قىلىپ مېھمان ئۇزىتىدۇ.

خان پادىشا خېنىم زالىملىقى، قانخورلىقى ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىن،( مەركىزلىك سوپىلەر يېچاق تىقىپ ئۆلتۈرگەن ) " جاللات خېنىم " دەپ ئاتىلىدۇ. «ئۇل ۋاقىتتا ئانداق خۇنىزىرلىق بولدىكى، ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسە ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرەر ئەردى.مەزلۇم كىشىلەر باشىنى تارىسا ھەم ئۆلتۈرەر ئەردى، ئۆزىنىڭ بىرسىگىلىنى،"پاقلاندۇ خېنىم"دەر ئىدىلەر. خوجايىغە ھياغىنەسىھەت قىلىپ ئەردىلەر، بىسيار ساھىبجامال، تۇغمىغان ئەردى، ئۇنى ھەم رەشكىن ياققا بەسىپ ئۆلتۈردى، ھەممە خەلق ۋەھشەتناك بولۇپ، ئۇنى « جاللات خېنىم » دەپ ئاتادىلەر» ㉒ خوجا ھىدايىتۇللا ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش، قاسساپلار مال ئۆلتۈرگەندەك ئاسان ئىش بولۇپ قالدۇ. شۇ بىگۇنا كىشىلەرنىڭ قان قىساسى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ چاۋىسىنى 289 يىل ئۆتۈپ چىقتى. يا يىماقتا، شۇنداق كۈنلەر كەلدىكى، ئەدىپ ۋە ناتىقلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز تەرىپىدىن خوجا ھىدايىتۇللا مەيدانلاردا، سورۇنلاردا، ماتىرىياللاردا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، رەسۋاسى چىقىرىلماقتا. تارىخ شۇنداق ئادىلكى، كىمدە - كىم خەلقنى قاخشىتىدىكەن، مەدىنىيەتنى ۋەيران قىلىدىكەن، بىر قانچە مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ تارىخ سەھنىسىگە سۆرەپ چىقىرىلىپ، شەرمىسار قىلىنىدۇ.

مۇھەممەت ئىمىنخان تۇرغۇن ئەسكەر تويلاپ ئىلىغا يۇرۇش قىلىپ:«بىسيار كىشى ئەسىر ئېلىپ كەلدىلەر، نەچچە تۆرە ھەم قالماقلار قولىغا چۈشتى » ㉓ ( « سىيادەتنامە » دە 30 مىڭ كىشى ئېلىپ كەلدى دەپ يېزىلىپتۇ.) لېكىن خوجا ھىدايىتۇللا تەختسەلتەنەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر بۆلۈك مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ، ئىلىغا قايتا بېرىپ، غالدان سىرىنىغا مۇھەممەت ئىمىنخاننىڭ ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلىپ، ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. مۇھەممەت ئىمىنخان تاقابىل تۇرۇپ شەھەرنى بەرمەيدۇ. بىراق خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەركەندىكى مۇرىتلىرى يەركەندە چاتاق چىقارغىنى ئۈچۈن، يەركەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. موڭغۇللار ئاقسۇنى ئىگەللەيدۇ.ئۇلار يەركەنگە باستۇرۇپ كەلگەندە يەنە شۇ خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ، جۇڭغارلارنى شەھەرگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. مۇھەممەت ئىمىنخان قانلىق كۆرەش ئىچىدە قۇربان بولىدۇ. 1682- يىلى يەركەن سەئىدىيە سۇلتانلىقى ئۇزۇل - كېسىل يوقىلىدۇ.

خوجا ھىدايىتۇللا موڭغۇللارنىڭ ھىمايىسىدا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىسھاقىيە خوجىلىرىغا (قاراتەقى، قاراتاغلىق، ساقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) قارشى تازىلاش ئېلىپ بارىدۇ: " ھەزرەت ئاپپاق خوجام تەخت سەلتەنەتتە ئولتۇردى، دىۋانە سوپىلارنىڭ ئەلپازى بۇزۇق، بۇ شازادىلەر ( خوجاشۇئەيىپ، خوجادانىيالنى دېمەكچى ئاپتور)ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆز ئاتىلىرىنىڭ بەزىسىنى ھەمرا قىلىپ ۋە بەزىلىرى بىلەن خىرباد قىلىپ، كىنارە تۇتۇپ، شۇندىن يۇ-

رۇپ، كەشمىرگە بېرىپ، ئاندا ئىستىقامەت قىلىدىلەر. بىر نەچچە زامان ئۆتكەندىن كېيىن، خوجا شادى خوجامنىڭ بىر-ئىككى خەلىپىلىرى بىر كىچە ئالتۇن مازارغا كىرىپ، مازارنى زىيارەت قىلىپ تۇرار ئىدىلەر، بۇ دىۋانە سوپىلارنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قالدى. بۇلارنى تۇتۇپ سوراپ ئېلىپ يۈرۈپ، ھەزرەت ئاپپاق خوجام ئالدىغا ئېلىپ كەلدى»㉔ دېيىلگەندەك، خوجا ھىدايىتۇللا مازارلارنى، خانىقالارنى ئادەم بۇيرۇپ تېپىتىپ، خوجا ئىسھاق ئەۋلادى، ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مۇرىتلىرىنى تۇتۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ئىككى نەپەر خەلىپىنى 400 نەپەر سوپى بىلەن خوتەنگە مەخپى ئەۋەرتىپ ئىلىچى، قاراقاشلاردىن 138 نەپەر ئىسھاقىيە ئەۋلادلىرىنى تۇتۇپ، قاپقا سولاپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلتۈرىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا تۇتۇلغان ئىسھاقىيە سوپىلىرىدىن بىرنى كەشمىرگە ئەۋەرتىپ، شۇ ئەيىپ خوجا بىلەن دانىيال خوجىنى كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار كۆڭلىنىڭ سانجۇغا كىلىپ خاتىرجەم بولالماي خوجا ھىدايىتۇللاغا خەت ئەۋەرتىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا " ئەي مەخسۇم زادىلەر، كەلسۇنلەر، ھەرنەكى ھەزرەت سۇبھانە ۋەتەئەلا بىزلەركى ئاتا قىلىپتۇرلەر، دىرمايان كۆرگەيمىز، بىزلەرنىڭ ئۇلارغا دەخلىمىز يوقتۇرلەر. بۇرۇندىن نەتەرىقىلىق تۇرۇپتۇرلەر، ھالا شۇ تەرىقىدە تۇرغايلا ۋە بەلكى ئاندىن ھەم خوپراق جىراكى، خانلار پەيكانە تۇرۇرمىزلەر خىش ئەقىر با تۇررۇرمىز، رەھىم قىلماق خىشلاردىن-خىشلارغا ۋاجىپتۇر »㉕ دەپ يېزىپ خەت ئەۋەتىدۇ. شۇ ئەيىپ خوجا يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئىنىسى دانىيالنى قايتۇرۇۋېتىپ شۇ ئەيىپ " دەريايى تىزناپ لىۋىگە كېلىپ ئىدىلەر، شۇ كېچىسى خوجا ئاپپاق خوجامنىڭ تۆت يۈز دىۋانە سۇپەت توڭگۇز سوپىلىرى خەۋەر تېپىپ كېلىپ، ھەززەت شۇ ئەيىپ خوجامنى كەربالاخاۋارىجلىرى ھەزرەت ئىمام ھۇسەيىن رەزىياللاھۇ ئەنھۇنى شەھىد قىلغاندەك، ئۇلارنى ھەم شەھىدلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزدى» ㉖ خوجا ھىدايىتۇللا ئەنە شۇنداق كىشى ئىدى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئۆز مەزھىپىنى كېڭەيتىپ شەرىئەت ئەھلىگە قارشى تۇرغىنى ئۈچۈن تەرىقەت غايەت زور دەرىجىدە ئومۇملىشىدۇ. تۇرپاندا " ئەسھەب بۇلكەپ " قەشقەردە «خان خوجىنىڭ ئوردىسى» يەركەندە «ئالتۇن مازاردا» بولۇپ 3 سۇلۇك تەسىس قىلىنىدۇ. سۇلۇك مۇرت قوبۇل قىلىش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئورنى ئىدى. سۇلۇك باشلىقى " خەلىپە "نى باش ئىشان بەلگىلەيتتى. سۇلۇكنىڭ ئىشلىرى ئىنتايىن مەخپى ۋە سىرلىق بولۇپ، خەلىپىلەردىن باشقا كىشى ئۇنىڭ تەشكىلى قۇرۇلۇشىنى بىلىشكە قادىر-ئەمەس ئىدى. سۇلۇكلەر كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كۆپلىگەن كىشىلەر ئىشان، خەلىپىلەرگە مۇرت بولىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى 300 مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. تەرىقەت ( خوجا ھىدايىتۇللا "قادىرىيە" سۇلۇكىگە مەنسۇپ تەرىقەتچى ئىدى ). پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئومۇملىشىدۇ. ناخشا ئوقۇش، سازچېلىش، مەشرەپ ئويناش، كىتاب ئوقۇش، ( قۇرئان، ھەپتىيەك، مەسنەۋى شېرىپ ئوقۇشتىن باشقا ) چەكلىنىپ كىشىلەرنىڭ مەدەنى تۇرمۇشى بۇرۇختۇم ھالغا چۈشىدۇ. ھەممە جاي، ھەممە سورۇنلاردا " ھۇئاللاھۇ ...... ۋەلائىلەھە ئىل لەللا» دىن ئىبارەت تەلقىن سادالىرى ياڭراپ، ھەرە تارتىشىش ئويۇنى باشلىنىپ كېتىدۇ (ساما سېلىپ ھالقا قىلىش ھەرە تارتىشقا ئوخشۇتۇلۇپ، ھەرە تارتىشىش دەپ ئاتالغان).

خوجا ھىدايىتۇللا تەرىقەتنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئىخلاس قىلىشتىن تاشقىرى " مىللى ئەۋلىيا " لارغا ئىخلاس قىلىشنىمۇ تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ئەۋلادىنى، ئاخىرقى ھىساپتا ئۆزىنى كۆككە كۆتىرىپ " ئەۋلىيا "،" كەشپى كارامەتچى " دەپ ماختايتتى. شۇڭا ئادەم ئاڭلىسا چۈچۈپ كېتىدى-

خان ئۇلۇغ نامىلەرنى ئۆزىگە قويۇشۇپ كىشىلەرنى ئالداشقا ئۇرۇندى. مۇھەممەت يۈسۈپ ئۆزىنى
«ھەزرىتى مازار پادىشا» ( «چىچىلغىلى بولمايدىغان مازاردەك پادىشا» ) «پايزۇل ئەنۋەر»
«پەيز نۇر چاچقۇچى» دەپ ئاتىسا، خوجا ھىدايىتۇللا ئۆزىگە جۇڭغار تۆردىسى ئاتا قىلغان «ئاباق»
(باشقۇرغۇچى، يولباشلىغۇچى ) دىگەن ئۇنۋانىنى «ئاپپاق» دەپ ئۆزىنىڭ نامى قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

«ئاپپاق» ئەرەپ تىللىرىدىكى «ئۇپۇق»، «ئۇپۇقنى يورۇتقۇچى» دىگەن سۆزنى «يورۇتقۇچى»، «نۇر
چاچقۇچى» دىگەن مەنا بىلەن ئۆزىگە ئۇنۋان قىلىۋالىدۇ.

ئۇنىڭ سوپىلىرىنىڭ ئىزاھلىشىچە «ئاپپاق» دىگەن نامنى ئاللا بەرگەنمىش.

خوجا ھىدايىتۇللانىڭ ھەرەمخانىسىدا كۆپلىگەن كىنىزەكلىرى بولۇپ، شۇ كىنىزەكلىرىنىڭ بىر-
سى بىلەن داڭلىق شائىر بابارەھىم ( مەشرەپ ) تاھارەت ئالىدىغان چىققان جايدا بىر ئىككى ئېغىز
سۆزلىشىپ قالىدۇ. بۇ ئىشنى سوپىلىرىدىن ئاڭلىغان خوجا ھىدايىتۇللا سوپىلىرىغا بۇيرۇپ تۇتتۇ -
رۇپ قىزىتىلغان تومۇرنى بابارەھىمنىڭ گەدىنىگە يېقىپ ئەرلىك جىنسىي ئەزاسىنى كىرەكتىن چىـ
قىرىدۇ. ( بىر رىۋايەتتە ئاختا قىلىنغان دىيىلىدۇ) خوجا ھىدايىتۇللا ئۇچۇن ھۆكىمەت ئوقۇپ، ھاـ
قىر بولۇپ يۈرگەن، ھاكىمىيىتى ئۇچۇن جان پىدا قىلغان ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى ئۇچۇن « ھەرنەپە-
سى مەندە بار، قىلدى مەدەت ئاپپاق خوجام» دەپ شېئىرلار يېزىپ تىنىم تاپمىغان بۇ شائىرمۇ ئاـ
خىرى پاجىئەلىك جازاغا ئۇچرايدۇ. جازادىن كېيىن «ئاخۇنۇم ئىدىلەر، تەقسىر پادىشاھىم، سىزـ
دىن بىر كىتاپيادنامە قالسا، - دىدىشاھ مەشرەپ، - ئى ئاخۇنۇم مەندىن كىتاپ قالمىـ
غاي دەرمەن، ئەگەر مەندىن كىتاپ قالسا ئەھلى مۇھەببەتلەر ۋەيران بولۇر، - دەپ ئوتقا تاشلىـ
دى » ㉗ دەپ يېزىلغانغا قارىغاندا مەشرەپقەشقەر ۋە يەركەندە يازغان شېئىرلىرىنى كۆيدۈرىۋېـ
تىدۇ. بابارەھىم خوجا ھىدايىتۇللادىن نارازى بولۇپ، بەلىخكە بارغاندا شۇ جاينىڭ ھاكىمى مەھـ
مۇتخان ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ (خوجا ھىدايىتۇللا مەشرەپنى چېقىپ خەت يازغىنى ئۇچۇن ئۆلـ
تۈرۈلگەن دىگەن رىۋايەتمۇ بار. )

1693 - يىلى ئەتراپىدا خوجا ھىدايىتۇللا قەشقەرگە بېرىپ دادىسىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ
تۇرۇپ « خان خوجام پادىشايىمغا ئىتتىمكى ھەي قەدىرلىك پەرزەنت، ھەممە يەردىن بۇ يەر ئوبـ
دانىراق ، بۇ يەرگە ئوبدان بىر گۈمبەز قىلىسائىڭ، ئۇ تا قىيامەتكىچە بۇزۇلمىسۇن دەپ بۇيرىدى.
شۇ سائەتتە خان خوجام پادىشاھىم گۈمبەز قۇرسىلىدىغان يەردە پۈتۈن ئەدەپ - تازىملىرىنى ئاـ
دا قىلىپ تۇردى. ئاندىن گۈمبەز قىلىدىغان ئورۇننى تايىن قىلدى. ھەزرىتىخان خوجام پادىشاھىم
ئاتىلىرى ئاپپاق خوجام بۇيرىغان ئىشتىن چىقىپ كەتمەستىن شۇ ھالدا گۈمبەزگە قەدەم قويدى» ㉘
گۈمبەز قۇرۇلۇشى باشلىنىپ 3 قېتىم ياسىلىپ 3 قېتىم ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. 4-قېتىم قۇرۇلۇش ئورنىنى
قايتىدىن تەييارلاپ ئىش باشلىنىپ خوجا ھىدايىتۇللا ئۆلۈشتىن ئىلگىرىم يىل بۇرۇن گۈمبەز پۈتىدۇ.

بەزىلەر خوجا ھىدايىتۇللا ( ئاپپاق خوجام ) مازىرى ئۆزگىشى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن
ياسالغان دىيىشىدۇ. بۇ سۆز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. خوجا ھىدايىتۇللادىن كېيىن ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى بۇنچىلىك چوڭ گۈمبەزنى سالغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولالمىدى. ياقۇپبەگ ۋە بۇزرۇك-
خان خوجىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېـ
تىپ بۇنداق ئىشلارغا يېتىشەلمىگەن ئىدى.

گۇمبەزنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى قەۋرە تېمىغا يېزىلغان ئەبجەت ھېساۋى "ھىجرەتنىڭ 1105 يىلى" مىلادى 1694 ـ يىلدىن بىشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ.

خوجا ھىدايىتۇللا يەركەندە "قالماقلار ھىمايىتى بىلەن بۇ شەھەرنى ئېلىپ ئولتۇرغىنىمغا ئەلھەمدۇلىللا" دەپ كېيىپ سىرۇپ تۇرغان كۈنلىرىدە 68 يېشىدا ئۆلىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللانىڭ ئۆلۈشى ھەققىدە "تەزكىرە خوجا ھىدايىتۇللا"دا "سەيد ئاپپاق خوجامغا زەھەر بەردى" دەپ يېزىلغان. «سىيادە تنامە»، "تەزكىرە خوجا ئىسھاق ۋەلى"، "تارىخى نادىرىيە" قاتارلىق كىتاپلاردا "ھەزرىتى ئاپپاق خوجام ئالەم پانىدىن ئالەم باقىغا دىھلەت قىلدىلەر. ئۇلار قەشقەر مەۋزۇيىدىكى "ياغدۇ" دىگەن كەنتتە دەپىن قىلدىلەر" دەپ يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن.

5

خوجا ھىدايىتۇللا ھايات ۋاقتىدا بۇ مازارنى "پەلەكتىن نۇر تۆكۈلگەن يەر" "ئۆرتلىرىم بىلەن شۇ زېمىندىن قوپارمەن" دەپ ۋەز-نەسىھەتلەر قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردا ۋاپات بولغان كىشىلەرنى ئۆز مازىرى ئەتراپىغا دەپنە قىلىشنى تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق ئەۋلادىنىڭ بېشىغا تاۋاپ قىلىشقا كەلگەندە، ئۆز مازىرىنىمۇ چۆلدەرەپ قالمايدىغانلىقىنى، تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز مازىرى ئۈچۈن نەزىرە بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، داشقازاننىڭ قايناپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇرۇق ئەۋلادىنىڭمۇ پايدىغا ئىگە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلغان.

خوجا ھىدايىتۇللا ئۆز مازىرىنىڭ شەيخلىرى، رېمونت ئىشلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ راسخوتلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن يارمۇھەممەت باغلىرىنى دۇئاغا كۆندۇرۇپ، "پەلەكتىن نۇر تۆكۈلگەن يەر" گە يەر زېمىنلىرىنى ۋەخپى قىلدۇردى. بۇ مازار ئۈچۈن ۋەخپى قىلىنغان يەرلەر ھەر قايسى جايلاردا بولۇپ، 10 مىڭ پاتماندىن ئوشۇق ئىكەنلىكىنى پىشقەدەملەر ھېكايە قىلىشىدۇ. توقۇزاق ناھىيىسىدىكى يېڭى ئۆستەڭنىڭ سۈگۈللاچ يېزىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ياندۇمىنىڭ ۋەخپىلىرى، لەڭگەر يېزىسىنىڭ پۈتۈن يەرلىرى، قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان تەۋەسىدىكى يەرلەرنى خوجا ھىدايىتۇللا ئۆز مازىرى ئۈچۈن ۋەخپى قىلدى. بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىدىن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ ئەۋلاتلىرى يەر ئىسلاھاتىغا قەدەر پايدىلاندى.

## خوجا ھىدايىتۇللا مازىرى نېمە ئۈچۈن قوغدىلىدۇ؟

بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئېقىملىق، قولى گۈل بىناكارلىق تېخنىكلىرى، بىناكارلىق ئۇستىلىرى، گۈزەل سەنئەت خادىملىرى، مېھنەتكەش خەلق بىنا قىل-

خان. بۇ قۇرۇلۇشتا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى، (تېخنىكىسى)، نەققاشچىلىق سەنئىتى، كاھىشچىلىق سەنئىتى، سىرچىلىق سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقىمىزدۇر. بۇ مازار شۇنىڭ ئۈچۈنلا قوغدىلىدۇ.

ۋەتىنىمىز ئىچىدىكى ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ، چەتئەللىك مېھمانلارنىڭ، ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ كۆركەم قۇرۇلۇشنى كۆزدىن كۆچۈرۈشىنى، مەدەنىي - يادىكارلىق ئېكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز لازىم.

يازغانلىرىمدا بەزى نۇقسانلار بولىشى مۇمكىن. ئۇستازلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى سورايمەن.

## ئىزاھاتلار

① تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن. ② تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن. ③ پاتمان - ئىسون بەش مىسو يەرگە تەڭ. ④ تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن. ⑤ تارىخى نادىرىيە دىن. ⑥ سىيادەتنامە دىن. ⑦ تەزكىرە خوجا ئىسھاق ۋەلى دىن. ⑧ تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللادىن. ⑨ سىيادەتنامە دىن. ⑩ تارىخى نادىرىيە دىن. ⑪ تارىخى نادىرىيە دىن. ⑫ تارىخى نادىرىيە دىن. ⑬ سىيادە تنامە دىن. ⑭ سىيادە تنامە دىن. ⑮ تارىخى نادىرىيە دىن. ⑯ تارىخى نادىرىيە دىن. ⑰ تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن. ⑱ تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن. ⑲ تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن. ⑳ سىيادەتنامە دىن. ㉑ تارىخى نادىرىيە دىن. ㉒ سىيادە تنامە دىن. ㉓ سىيادە تنامە دىن. ㉔ خوجا ئىسھاق ۋەلى دىن. ㉕ سىيادە تنامە دىن. ㉖ دىۋان مەشرەپ دىن. ㉗ تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن. ㉘ تەزكىرە خوجاھىدايىتۇللا دىن.

# ئاپتورلار دىققىتىگە

«قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» — قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىشنى پىلانلاش ئىشخانىسى باشقۇرغان، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان، ئۇنىۋېرسالنى خاراكتېرلىك، قەرەلسىز ژورنال. ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، تىبابەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، پەلسەپە...... گە ئائىت قەدىمقى كىتابلىرى، مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بىلەن ئاشۇ مەزمۇنلارغا ۋە ئارخېئولوگىيىگە دائىر ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ژورنال - پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ھەققىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ھەم ئىزچىللاشتۇرۇشنى، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزنىڭ قەدىمقى كىتابلارنى يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش، پىلانلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مول، قەدىمقى مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان تەنقىدى ۋارىسلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ژورنال — باشتىن - ئاياق پارتىيىمىز بەلگىلەپ بەرگەن مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىش، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرىدۇ.

ئەسەر ئېۋەتكۈچى يولداشلار ئەسلىسىگە سادىق بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەلگىلىك پوزىتسىيىسىنى ئىزھار قىلىش، سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئەسلىسىنى بىللە قوشۇپ ئېۋەتىشى، ئىلاجى بار تەييارلانغان نۇسخىسىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەلرەك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئەسەر قۇر ئارىلىقى كەڭ ماقالە قەغىزىگە قارا سىيا بىلەن ئېنىق، پاكىز، چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن بولۇشى، تېنىش بەلگۈلىرى توغرا، جايىدا قويۇلغان بولۇشى كېرەك. ئەسكەرتىش ۋە

ئىزاھاتلار بىردەك ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا بېرىلىشى، نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر بولسا ئۇنىڭ ئورنى ۋاقتى ئېنىق ئەسكەرتىلىشى لازىم.

بىر ئەسەر ياكى ماقالىنى ئىككى ئورۇنغا ئېۋەتىشكە بولمايدۇ. نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن جاۋاپ قايتۇرۇلغاندىن باشقا، ماقالىلارغا بىردەك جاۋاپ قايتۇرۇلمايدۇ. ئەسەر ئېۋەتكۈچى يولداشلار ئۆزىدە بىر نۇسخە ساقلاپ قېلىشى لازىم.

ئېۋەتىلىدىغان ئەسەرلەر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى «قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» تەھرىر بۆلۈمىگە ئېۋەتىلىشى، تەھرىرلەرنىڭ شەخسى نامىغا ئېۋەتمەسلىكى لازىم. ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مۇۋاپىق قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

«قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

1984- يىلى 6- ئاي